
INFORMATION OF CENTRAL ASIA

# ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى



'96

3

# 目　次　《中亚信息》

1996年第3期
（总第68期）

**法规**

哈萨克斯坦“中小型企业发展财政资金”纲要 ……………………………………（3）
吉尔吉斯斯坦共和国破产法 ………（7）

**资料**

哈萨克斯坦塔吉克斯坦和土库曼斯坦的经贸合作关系……………………（13）
俄罗斯1995年1月—9月进口贸易状况 ……………………………………（16）
独联体主要国家1995年上半年国民经济状况概述…………………………（23）
浅淡新疆对外贸易存在的问题及对策 ……………………………………（28）
乌兹别克斯坦在中亚的经济地位…（29）
喀纳斯湖地区合作开发与西北亚四国经贸合作构思……………………（31）

**边贸信息**

乌兹别克斯坦将停止进口石油……（37）
乌以天然气取代汽油………………（37）
乌颁布刺激私营企业的法律………（39）
俄将废除石油，天然气出口关税制度…………………………………（39）
独联体国家间开始投资合作……………（40）
乌兹别克斯坦从法律上保护外国投资…（41）
土库曼斯坦土地对外出租………………（41）
我国化肥出口巴基斯坦…………………（42）
俄将取消一切出口关税…………………（42）
叶利钦主张给小企业税收优惠…………（42）
中国是哈在亚太地区最大的贸易伙伴…（43）
乌兹别克斯坦的物价……………………（43）
乌克兰禁止烟酒广告……………………（44）
哈萨克斯坦的产品日趋减少……………（44）
塔什干进口明斯克拖拉机………………（45）
新型装饰玻璃市场看好…………………（45）
乌克兰汽车制造业的现状及前景………（46）
乌租赁法为外国公司打开了大门………（47）
俄降低免税进口额………………………（47）
俄政府给予边境城镇优惠政策…………（48）
俄罗斯降低出口海关税率………………（48）

本期责任编辑：米娜娃

# پەن - تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى

1996 - يىللىق 3 - سان

ئومۇمىي 68 - سان

قوش ئايلىق ژۇرنال

ھەر جۈپ ئاينىڭ 25- كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

بۇسانىنىڭ مەسئۇل تەھرىرى : مۇنەۋۋەر قادىر

باھاسى : 3 يۈەن


## بۇساندا

### < قانۇن - بەلگىلىمە >


قازاقىستاننىڭ « ئوتتۇرا - كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى راۋاجلاندۇرۇش مالىيە مەبلىغى» پروگراممىسى ..........(3)

قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇش قانۇنى ..........(7)


### < ماتېرىيال >


قازاقىستان ، تاجىكىستان ۋە تۈركمەنىستاننىڭ ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ..........(13)

روسىيىنىڭ 1995 - يىلى 1 - ئايدىن 9 - ئايغىچە بولغان ئىمپورت سودا ئەھۋالى ..........(16)

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ 1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىكى خەلق ئىگىلىكى ئەھۋالى ..........(23)

شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئىشلىرىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنىڭغا قارىتا قوللىنىلغان تەدبىرلەر ..........(28)

ئۆزبېكىستاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىقتىسادىي ئورنى ..........(29)

قاناس كۆلى رايونىنى ھەمكارلىشىپ ئېچىش ۋە غەربىي شىمالىي ئاسىيادىكى تۆت دۆلەتنىڭ ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقى توغرىسىدا ..........(31)


### < چېگرا سودا خەۋەرلىرى >


ئۆزبېكىستان نېفىت ئىمپورت قىلىشنى توختىتىدۇ ..........(37)

ئۆزبېكىستان تەبىئىي گازنى بېنزىننىڭ ئورنىغا ئالماشتۇردى ..........(37)

ئۆزبېكىستان خۇسۇسىي كارخانىلارنى رىغبەتلەندۈرۈش قانۇنىنى ئوتتۇرىغا قويدى ..........(39)

روسىيە نېفىت تەبىئىي گازدىن ئېكسپورت بېجى ئېلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلماقچى ..........(39)

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدە دۆلەتلەر ئارا مەبلەغ سېلىپ ھەمكارلىشىش باشلاندى ..........(40)

ئۆزبېكىستان چەت ئەللەرنىڭ مەبلەغ سېلىشىنى قانۇنىي جەھەتتىن قوغدايدۇ ..........(41)

تۈركمەنىستان يەرنى سىرتقا ئىجارىگە بېرىدۇ ........................................(41)
جۇڭگونىڭ خىمىيىۋى ئوغۇتى پاكىستانغا ئېكسپورت قىلىنماقتا ........................................(42)
روسىيە بارلىق ئېكسپورت تاموژنا بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ........................................(42)
يېلتسىن كىچىك كارخانىلاردىن باج ئېلىشتا ئېتىبار قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى ..........(42)
جۇڭگو قازاقىستاننىڭ ئاسىيا تېنچ ئوكيان رايونىدىكى ئەڭ چوڭ سودا شېرىكى بولۇپ قالدى .....(43)
ئۆزبېكىستاننىڭ مال باھاسى ........................................(43)
ئۇكرائىنا تاماكا، هاراق توغرىسىدىكى ئېلانلارنى چەكلىدى ........................................(44)
قازاقىستاننىڭ مەھسۇلاتلىرى كۆنسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ ........................................(44)
تاشكەنت مىنىسكىدىن تراكتور ئىمپورت قىلدى ........................................(45)
يېڭى تېپتىكى بېزەش ئەينىكىنىڭ بازىرى ياخشى ........................................(45)
ئۇكرائىنا ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش سانائىتىنىڭ هازىرى ۋە كەلگۈسى ........................................(46)
ئۆزبېكىستاننىڭ ئىجارىگە بېرىش قانۇنى چەت ئەل شىركەتلىرىگە چوڭ ئىشىك ئېچىپ بەردى .....(47)
روسىيە بېجى كەچۈرۈم قىلىنغان تاۋارلارنىڭ ئىمپورت مىقدارىنى تۆۋەنلەتتى ........................................(47)
روسىيە هۆكۈمىتى چېگرا شەهەرلىرىدە ئېتىبار قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويدى ........................................(48)
روسىيە ئېكسپورت تاموژنا باج نىسبىتىنى تۆۋەنلەتتى ........................................(48)

# قازاقىستاننىڭ «ئوتتۇرا ـ كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى راۋاجلاندۇرۇش مالىيە مەبلىغى» پروگراممىسى

**1. «ئوتتۇرا ـ كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى راۋاجلاندۇرۇش مالىيە مەبلىغى» پروگراممىسى قايسى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ؟**

ياۋروپا ئۆزگەرتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش بانكىسى ، قازاقىستان جۇمھۇرىيەت ئىقتىسادىي ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە دۆلەتلىك بانكا بىلەن بىرلىكتە « قازاقىستاننىڭ ئوتتۇرا ـ كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى راۋاجلاندۇرۇش پروگراممىسى » نى بېكىتتى . بۇ پروگراممىنىڭ 1994 ـ يىلىدىن 1996 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئوتتۇرا ـ كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەمىنلىگەن قەرز سوممىسى 100 مىليون ياۋروپا پۇل بىرلىكى بولغان . بۇ قەرز پۇلنى ياۋروپا ئۆزگەرتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش بانكىسى قازاقىستان جۇمھۇرىيەت بانكىسى ئارقىلىق ئوتتۇرا ـ كىچىك تىپتىكى كارخانىلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ .

**2 . بۇ پروگراممىنى قانداق ئۇسۇل ۋە يوللار ئارقىلىق ئوتتۇرا ـ كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىغا ياردەم قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ ؟**

ئەگەر بىر قەدەر ياخشى تىجارەت ئىدىيىسى بولسا ، بۇ پروگراممىا ئوتتۇرا ـ كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات تۈرلىرى ۋە تىجارەت پىلانىنى بېكىتىشكە ياردەم قىلىدۇ ھەمدە 5 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن تۆۋەن ئوتتۇرا ۋە ئۇزۇن ۋاقىتلىق زايوم ياكى پاي شەكلىدىكى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيدۇ ؛ « پروگراممىا » ، شەرتكە مۇۋاپىق كەلگەن تۈرلەرنى مەزكور تۈر ئومۇمىي مەبلىغىنىڭ ( مالىيە مۇلازىمىتى قوشۇلىدۇ ) 10% گە توغرا كېلىدىغان زايوم بىلەن تەمىنلەيدۇ ؛ « پروگراممىا » يەنە تۈرلەر ئۈچۈن مۇۋاپىق كەلگەن چەت ئەل كەسپىي شېرىكلىرىنى تېپىپ بېرىدۇ .

**3 . قانداق شەرتكە مۇۋاپىق كەلگەنلەر « پروگراممىا » سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ ؟**

« پروگراممىا » بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقانلارنىڭ ئالدىنقى شەرتى ، چوقۇم شەخسىي ( خۇسۇسىي ) كارخانىنىڭ ئوبيېكتى بولۇشى شەرت . ئەگەر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا بولسا ، چوقۇم ئېنىق ھالدىكى كارخانىنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش پىلانى ۋە پروگراممىسى بولۇش زۆرۈر . « پروگراممىا » ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان ئوبيېكتىنى خۇسۇسىي كارخانا دەپ قارايدۇ . شۇڭلاشقا ، بۇ كارخانىلارنىڭ خاراكتېرى چوقۇم خۇسۇسىي بولۇشى ، دۆلەتنىڭ بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق كونترول قىلىشىغا ئۇچرىماسلىقى شەرت . ئەگەر مەبلەغ قوشقان كارخانا بولسا ، مەبلەغ قوشقۇچىلارغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك .

**4 . ياردەم تەلەپ قىلىدىغان تۈرلەر**

**قايسى ئىقتىسادىي شەرتلەرنى تولۇقلىشى كېرەك ؟**

تۈرلەرنىڭ مەقسىدى ، يېڭى تىجارەت گەۋدىسىنى قۇرۇش ياكى خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت . زايوم پەقەت يېڭى تۈرلەرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ياكى كونا كارخانىلارنىڭ تىجارەت تۈرلىرىنى كېڭەيتىشكە ئىشلىتىلىدۇ . بۇ تۈرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ، ئېنىق تىجارەت پىلانى ھەمدە ئالىي كەسپىي ئىقتىدارى بولغان ئادەملەردىن تەشكىللەنگەن باشقۇرۇش ئورگىنى بولۇشى كېرەك ، پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ، تىجارەت پىلانى مەزكور تۈر مەھسۇلاتلىرىنىڭ يوشۇرۇن بازىرى ھەمدە بازار تەرەققىيات ستراتېگىيىسى تەتقىقاتىنى بېكىتىشى لازىم ؛ پىلان يەنە مۇشۇ تۈر مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھا ۋە سۈپەت جەھەتتە رىقابەت ئىقتىدارى بارلىقىنى ئېنىقلاش لازىم .

پىلان ، تۈرلەرنىڭ ئىچكى پايدا نىسبىتىنى خام چوت قىلىشى ، بۇ نىسبەت 15% تىن تۆۋەن بولماسلىقى (ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان پىلاننىڭ پۈتۈن جەرياندىكى ئوتتۇرا ھېساب ئومۇمىي پايدا نىسبىتى ) كېرەك . ئىقتىسادىي قوللىنىشچانلىقىغا ئىگە دوكلات ، مەزكۇر تۈرنىڭ مەبلەغ ، مالىيە ، پۇل مۇئامىلە قاتارلىق ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئەھۋالىنى ئىسپاتلاش كېرەك . بۇ ئىقتىسادىي ئەھۋال تاشقى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ . پىلان ، ئېكسپورت ياكى باشقا كىرىم تۈرلىرىدىن قولغا كەلتۈرگەن ئالماشتۇرۇش پۇللىرىنىڭ ئىشەنچلىك مەنبىيىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىشى كېرەك .

شۇ جاينىڭ پۇل قىممىتى بىر قەدەر تۇراقلىق ھەمدە تاشقى پېرېۋوت ئالماشتۇرۇشنىڭ ئىچكى بازىرى تەرەققىي قىلغان ئەھۋال ئاستىدا ، دۆلەت ئىچى بازارلىرىنى نىشان قىلغان تۈرلەرنى ئويلاشقا بولىدۇ .

تۈرلەردىن پايدا ئالىدىغانلار ، مەزكور تۈرنىڭ ئومۇمىي مەبلىغىنىڭ 25% دىن يۇقىرى پايىنى قوشۇشى كېرەك . بۇ خىل مەبلەغ قوشۇش نەخ پۇل ياكى (ئەلۋەتتە يەرلىك پۇل ۋە ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان تاشقى پېرېۋوتنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ ) ھازىر يۈرگۈزۈلىۋاتقان قىممەتكە ئىگە ئاكسىيەنى ئىشلەتسە بولىدۇ .

بۇنىڭدىن باشقا ، تۈرلەر زۆرۈر پايدا ۋە ئاساسلىق چىقىمنىڭ (ئۇزۇن ۋە قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) 150% نى ئىگىلەيدىغان نەخ پۇل مەنبىيىنى پەيدا قىلىش كېرەك .

تۈرلەرگە بېرىلىدىغان قەرز پۇلغا ئىگە بولغۇچىلار ، بۇ كەسپكە قاتناشقان بانكىغا ئاز دېگەندە قەرز پۇل سوممىسىنىڭ 120% نى ئىگىلەيدىغان تولۇقلىما كاپالەتنى بېرىش كېرەك ، بۇ تولۇقلىما كاپالەتنى ئۇسكۇنە شەكلىدە يەتكۈزۈپ بەرسە بولىدۇ .

ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان تۈرلەر مۇھىت بىخەتەرلىكىگە زىيانسىز بولۇشى ھەمدە قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولۇپ يېڭى ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنى يارىتىشى ، چىقىم قىلىش پەرق سوممىسىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشى لازىم .

**5 . تۈرلەرگە قەرز پۇل بېرىشنىڭ مۇددىتى :**

« ئوتتۇرا ـ كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى راۋاجلاندۇرۇش پروگراممىسى » تەمىنلىگەن قەرز پۇلنى بەش يىل (بەش يىللىق قەرز پۇلغا ئىگە بولىدۇ ) ئىشلىتىشكە بولىدۇ . بۇنىڭغا قاتناشقان بانكا ئون يىل مۇددەتلىك قەرز پۇل بىلەن تەمىنلەيدۇ . بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ يىل مۇددەتلىك قەرز پۇلمۇ بار ( قايتۇرۇش مۇددىتى ۋە

مۇددەتنى ئۇزارتىش ، تۇرلەرگە بېرىلگەن قەرز پۇلىنىڭ ئۆز ئورنىغا ئىشلىتىلىشى ھەمدە تۇرلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ئەھۋالىغا ئاساسەن بېكىتىلىدۇ ). قەرز پۇل بېرىش ۋە قايتۇرىدىغان پۇل ئامېرىكا دوللىرى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ ھەمدە قەرز پۇل ئەھۋالىغا ئاساسەن بېكىتىلگەن ، قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان ئۆسۈممۇ بىللە بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قاتناشقان بانكىغا تۆۋەندىكىلەرگە ئەمەل قىلىش تاپشۇرىلىدۇ :

ئىشلىتىلگەن قەرز پۇلنى قەرز ئىگىسىگە قايتۇرۇش يەنى قەرز ئالغان پۇل ئۆز ئورنىغا ئىشلىتىلگەن بىراق بۇ پۇلغا قەرزدار بولغۇچى تېخى قايتۇرمىغان .

پايدا نىسبىتىنى بەلگىلەش : قاتناشقان بانكا بەلگىلىگەن پايدا نىسبىتى مەمۇرىي چىقىمنى تۆلەشكە ، قەرز قوبۇل قىلغۇچىنىڭ تەۋەككۇلچىلىكى ۋە بانكا كىرىمى قاتارلىقلارغا يېتىشى كېرەك .

قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمى ، ياۋروپا بانكىسى پۇل مۇئامىلە بازىرىنىڭ ئۆسۈمىگە ، قەرز پۇلغا ئىگە بولغۇچىنىڭ قەرز پۇل ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىلگەن مەلۇم مىقدارنى قوشقان زاپاس پۇل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

قەرز پۇل مىقدارى 5 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك . بۇ مىقداردىن ئېشىپ كەتكەن قەرز ئالغۇچى بولسا ياۋروپا ئۆزگەرتىش ھەمدە راۋاجلاندۇرۇش بانكىسى بىلەن ئالاقە قىلسا بولىدۇ .

**6 . پاي ئۈچۈن ئېتىبار بېرىلىدىغان شارائىت بىلەن تەمىنلەش :**

قاتناشقان بانكا پاينى مەبلەغ قىلىپ سالسا بولىدۇ . قازاقىستان ئىقتىسادىدا شەخسىي كاپىتال قىسمىنىڭ ئېشىشى ئىنتايىن تېز بولماقتا . بىراق ، ئىگىلىگەن نىسبىتى ئىنتايىن كىچىك بولغان ئەھۋال ئاستىدا بۇ خىل پاي مەبلىغىنىڭ مىقدارىمۇ ئاز بولىدۇ . شۇنداقلا بۇ خىل پاي مەبلىغى بىلەن تەمىنلەشتىمۇ ئاز بولمىغان توسالغۇلار بار . مەبلەغ كەمچىلىكى ، كەلگۈسىدىكى قەرز پۇلنى قايتۇرالماسلىقتا خېيىم ـ خەتىرى ئاساسلىق بولغان توسالغۇ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . « ئوتتۇرا ـ كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى راۋاجلاندۇرۇش پروگراممىسى » ، مۇۋاپىق بولغان تۇرلەرگە مەبلەغ سېلىشنى خالايدىغانلار ئۈچۈن بانكا قەرز پۇلى بىلەن تەمىنلەيدۇ .

پاي مەبلىغى كېلىشىمى ياكى توختامى ، ئورتاق شارائىتنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشتىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىلارمۇ بولۇشى كېرەك : ئەگەر بۇ تۇرنىڭ پايدىسى ئوتتۇرا سەۋىيىدىن يۇقىرى بولسا ، ئۇنداقتا پاي مەبلىغىنىڭ ئەھۋالى تېخنىكا ۋە ئىقتىسادنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئىپادىلىشى ھەمدە ئۇزۇن ۋاقىتلىق ئوتتۇرا سەۋىيىدىكى پايدىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك . تۇرلەرنى كەسپىي باشقۇرۇشقا پىششىق ئاپپاراتلار بولۇشى لازىم . تۇرنى ئىلتىماس قىلغۇچى چوقۇم زۆرۈر بولغان تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش ، ماسلىشىش خىزمەتلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك . بۇنىڭغا قاتناشقان بانكا ( مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيدىغان بانكا ) قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مەبلەغ سېلىنغان شىركەتكە ئۈنۈملۈك نازارەت ئورنىتىش لازىم . بانكا تەرەپتىن « ئوتتۇرا ـ كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى راۋاجلاندۇرۇش پروگراممىسى » غا ئاساسەن قەرز پۇل بېرىشكە بولىدۇ ، دەپ قارالغان تۇرلەرلا پاي فوندىدىن مەبلەغقە ئىگە بولالايدۇ . مەبلەغقە ئىگە بولغۇچىلارغا قارىتا ئۆلچەم ۋە تەلەپلەر زايومغا ئىگە بولغۇچىلار بىلەن ئوخشاش .

بىر شىركەتنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ زور مىقداردىكى مەبلەغ سوممىسى ، شىركەتنىڭ ئومۇمىي كاپىتال سوممىسىنىڭ 40% دىن ياكى مەزكور تۇر ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 10% لىق مەب-

لىغىنىڭ ئەڭ ئاز مىقدارى 25 مىڭ دوللاردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك .

**7 . قانداق قىلغاندا ئوتتۇرا ـ كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى راۋاجلاندۇرۇش پروگراممىسىغا كىرگىلى بولىدۇ؟**

ئىگىلىكنى كېڭەيتىش ئۈچۈن مەبلەغ سالىدىغان تۈر بولسىلا ، قازاقىستان دۆلەتلىك بانكا ياكى مەبلەغقە قاتناشقان بانكىنىڭ « ئوتتۇرا ـ كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى راۋاجلاندۇرۇش پروگراممىسى » نىڭ باشقۇرۇش تارماقلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلەشسە بولىدۇ . بۇ تارماقلار ئىلتىماس قىلىش جەدۋىلى ۋە تۈرلەرنى باھالاپ تەكشۈرۈش تىزىسىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ . بۇ جەدۋەللەرنى تولدۇرغاندىن كېيىن يۇقىرىقى تارماقلارغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ . ئەگەر مەسىلە بولسا ياكى مەسلىھەت سوراشقا توغرا كەلسە يېقىن ئەتىراپتىكى بانكىلارنىڭ « پروگرامما » باشقۇرۇش تارماقلىرى بىلەن ئالاقىلاشسا بولىدۇ . ئۇلار چوقۇم 14 كۈن ئىچىدە تۈرلەرنىڭ دەسلەپكى تەكشۈرۈشىنى تاماملاش ياكى بۇ تۈرنىڭ « پروگرامما » ئاساسىي شەرتلىرىگە مۇۋاپىق كېلىش ـ كەلمەسلىكى ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم .

ئەگەر دەسلەپكى تەكشۈرۈش ئۆتكۈزۈلۈشتىن ئۆتسە ، قاتناشقان بانكا تىجارەت پىلانىنى ياكى تۈرلەرنىڭ ئىقتىسادىي ، تېخنىكا جەھەتتىكى قوللىنىشقا بولىدىغان دوكلاتىنى قانداق يېزىش توغرىسىدىكى تەكلىپلەرنى بەرسە بولىدۇ . پىلان ياكى قوللىنىشقا بولىدىغان دوكلات بولغاندىن كېيىن قاتناشقان بانكىنىڭ تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن تېزلىكتە يوللاش شەرت . « پروگرامما » ، پىلانغا ۋە قوللىنىشقا بولىدىغان دوكلاتقا چەت ئەللىك مەسلىھەتچىلەرنىڭ چىقىمىنى تۆلەش ئۈچۈن بىر قىسىم ئەركىن ئالماشتۇرغان پۇل بىلەن تەمىنلەيدۇ . ئەگەر تۈرلەر ئۈچۈن يەتكۈزۈپ بەرگەن زايومنى « پروگرامما » فوندى چىقارغان بولسا ، كەلگۈسىدە بۇ پۇلنى تۈرلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن كېيىنكى كىرىم بىلەن تۆلەيدۇ . تۈرلەر قوبۇل قىلىنمىسا ، بۇ پۇل چىقىم قىلىنمايدۇ .

تۈرلەرنىڭ مالىيىسىنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن ، ئەگەر قاتناشقان بانكىنىڭ قەرز بېرىش كومىتېتى بۇ تۈر « پروگرامما » شەرتلىرىگە ئۇيغۇن دەپ قارىسا ھەمدە ياۋروپا ئۆزگەرتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش بانكىسىنىڭ قوشۇلۇشىغا ئىگە بولسا ، (ئەگەر زايوم مىقدارى 1 مىليون دوللاردىن ئېشىپ كەتسە ) زايوم بىلەن تەمىنلەش كېلىشىمىگە ئىمزا قويسا بولىدۇ .

ئەگەر تۈرلەرنىڭ تېخنىكا ۋە ئىقتىسادى ئوتتۇرا سەۋىيىدىن يۇقىرى ئىقتىسادى كىرىمگە ئىگە بولغان ھەمدە زۆرۈر بولغان تولۇقلىما پاي مەبلىغى بولغان بولسا ، قاتناشقان بانكىلارنىڭ ئىچىدىكى بىر بانكا كىچىك تىپتىكى كارخانا ( بۇ كارخانىنىڭ قانچىلىك كىچىك بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ) ئۈچۈن تۈرلەر ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 10% گە توغرا كېلىدىغان ھەمدە پاي ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 40% لىك پاي مەبلەغ كېلىشىمىگە ئىمزا قويسا بولىدۇ .

ئەگەر بىر قەدەر ياخشى تىجارەت تۈرى بولۇپ ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدىغان چەت ئەللىك ھەمكارلاشقۇچى بولمىسا ، « پروگرامما » نىڭ ھەر قايسى جايلاردىكى تارماقلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلەشسە بولىدۇ ، ئۇلار ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئىشەنچىلىك ، ئەمەلىي كۈچى بار چەت ئەل شىركەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

# قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇش قانۇنى

(بېشى ئۆتكەنكى ساندا)

**3 - باب سوت مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىشى ۋە ھۆكۈم چىقىرىشى**

**14 - ماددا سوت مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىشى ۋە ھۆكۈم چىقىرىشى**

تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانىنىڭ ھېسابىنى ئىنقىلاشتا تۆۋەندىكى پرىنسىپقا ئەمەل قىلىش كېرەك. (1) سوت مەھكىمىسى مەسىلىنى ئادىل بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن قەرز بەرگۈچىنىڭ ئەرزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىشى كېرەك. (2) سوت مەھكىمىسى ئەرزنى تاپشۇرۇۋالغانلىق توغرىسىدىكى يازما ئۇقتۇرۇشنى كارخانىغا ئۇقتۇرۇشى كېرەك. سوت مەھكىمىسى كارخانا، كارخانا ئىگىسى ياكى قەرز بەرگۈچى تەمىنلىگەن پاكىتقا ئاساسەن تۆۋەندىكى ھۆكۈمنى چىقىرىشى كېرەك:

— ئەرزنى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىشتا ئاساس كەمچىل بولغانلىقتىن، ھېسابات ئىنقىلاش دەرھال توختىتىلىدۇ؛

— دەرھال ھېسابات ئىنقىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ ھەم مۇناسىپ قارار چىقىرىلىدۇ؛

— ئاساسىي تولۇقلاش ۋە باشقا سەۋەب تۈپەيلىدىن تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىش كېچىكتۈرۈلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا سوت مەھكىمىسى ئەمەلىي ھۆكۈم چىقىرىشتىن بۇرۇن كارخانىنىڭ مۈلكىنى قوغداش ھەم بارلىق قەرز قايتۇرۇش ۋە كارخانىنىڭ مۈلكىنى تۇتۇپ قېلىش ئەرزلىرىنى توسۇش ئۈچۈن سوت مەھكىمىسى تېزدىن ۋاقىتلىق ھېسابات ئىنقىلىغۇچى تەيىنلەش ھوقۇقىغا ئىگە.

سوت مەھكىمىسىنىڭ كارخانىنىڭ ھېساباتىنى ئىنقىلاش توغرىسىدىكى قارارى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىشى كېرەك.

كارخانىنىڭ تىجارەت كېنىشكىسى يوقلىقى ھەم قانۇنسىز ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغانلىق توغرىسىدىكى پاكىت تولۇق بولغان ئەھۋال ئاستىدا سوت مەھكىمىسى كارخانىغا نىسبەتەن ھېسابات ئىنقىلاش قارارىنى چىقىرىدۇ.

**15 - ماددا ۋاقىتلىق ھېسابات ئىنقىلىغۇچىنى تەيىنلەش**

سوت مەھكىمىسى ۋاقىتلىق ھېسابات ئىنقىلىغۇچىنى تەيىنلەش قارارىنى چىقارغاندا كارخانا ياكى قەرز بەرگۈچىگە نۇرغۇن چىقىم، زىيان ۋە باشقا ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىشى كېرەك. ۋاقىتلىق ھېسابات ئىنقىلىغۇچىنى تەيىنلىگەندە مەزكۇر قانۇننىڭ 14 - ماددىسىنىڭ 2 - قىسمىدىكى 3 - نۇقتىغا ئاساسەن سوت مەھكىمىسى ئىمكان قەدەر كارخانىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىشى، زۆرۈر بولغاندا ھۆكۈمنى قايتا ئويلىشىپ كۆرۈشى كېرەك.

**16 - ماددا ۋاقىتلىق ھېسابات ئىنقىلىغۇچىنىڭ ھوقۇقى**

ۋاقىتلىق ھېسابات ئىنقىلىغۇچى كارخانا باشقۇرۇشقا دەرھال كىرىشىشى ھەم كارخانا ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىشى كېرەك.

سوت مەھكىمىسى ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقىرىشتىن بۇرۇن كارخانا مۈلكىنى قوغداپ قېلىشى ئۈچۈن ۋاقىتلىق ھېسابات ئىنقىلىغۇچى تەيىنلەنگەن كۈندىن باشلاپ كارخانىنىڭ بارلىق مۈلكى ۋاقىتلىق ھېسابات ئىنقىلىغۇچىغا تاپشۇرۇلىدۇ.

ۋاقىتلىق ھېسابات ئېنىقلىغۇچىنىڭ ھوقۇقى :

(1) كارخانا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەر قانداق ئادەمنى تەكشۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگە؛ (2) كارخانا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بارلىق ھېسابات دەپتىرى ۋە ھۆججەتلەرنى تەلەپ قىلىش ھەم ئۇنىڭغا ئىگە بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە شۇنداقلا ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىدۇ .

سوت مەھكىمىسى ۋاقىتلىق ھېسابات ئېنىقلىغۇچىنى تەيىنلىگەندە ئۇنىڭ باشقا ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيىتىنىمۇ بەلگىلەپ بېرىشى كېرەك . زۆرۈر تېپىلغاندا ۋاقىتلىق ھېسابات ئېنىقلىغۇچى سوت مەھكىمىسىگە ئۆزىنىڭ ھوقۇقى ۋە مەسئۇلىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ .

ۋاقىتلىق ھېسابات ئېنىقلىغۇچىنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە توسقۇنلۇق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇني مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ .

**17 - ماددا ۋاقىتلىق ھېسابات ئېنىقلىغۇچى تەيىنلەنگەندىن كېيىنكى ھېسابات ئېنىقلاش تەرتىپىنىڭ ئاخىرلىشىشى**

ۋاقىتلىق ھېسابات ئېنىقلىغۇچى تەيىنلىنىپ ھېسابات ئېنىقلاش تەرتىپى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، سوت مەھكىمىسى قانۇننى ئاساس بويىچە ھۆكۈم چىقىرىدۇ ، شۇنداقلا ۋاقىتلىق ھېسابات ئېنىقلىغۇچىنىڭ ۋەزىپىسىنى قالدۇرىدۇ .

سوت مەھكىمىسىنىڭ ۋاقىتلىق ھېسابات ئېنىقلىغۇچىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى كۈچكە ئىگە بولغان ۋاقىتتىن باشلاپ ھېسابات ئېنىقلاش تەرتىپى ئاخىرلىشىدۇ ، كارخانا مەسئۇلى بىلەن پايچەك كارخانىنى باشقۇرۇشقا باشلايدۇ ، ۋاقىتلىق ھېسابات ئېنىقلىغۇچى ئۆز ھوقۇقىنى تاپشۇرىدۇ .

**18 - ماددا ھېساباتى ئېنىقلانغان كارخانىلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى تەقسىم قىلىش**

ھېسابات ئېنىقلاش باشلانغاندىن باشلاپ ، ئەگەر سوت مەھكىمىسى ھېسابات ئېنىقلاشنى ۋاقىتىنچە توختىتىش قارارىنى چىقارمىسا كارخانا سوت مەھكىمىسىنىڭ ، ۋاقىتلىق ھېسابات ئېنىقلىغۇچى ۋە ھېسابات ئېنىقلىغۇچىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ ئۆزىنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى تەقسىم قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ .

**19 - ماددا سوت مەھكىمىسىنىڭ كارخانىنىڭ ئىلتىماسىنى قاراپ چىقىشقا قوبۇل قىلىش مۇددىتى**

كارخانا ھېساباتىنى ئېنىقلاش باشلانغان كۈندىن باشلاپ بىر ئاي ئىچىدە سوت مەھكىمىسى كارخانىنىڭ ئىلتىماسى ۋە قەرز بەرگۈچىنىڭ ئەرزىنى قاراپ چىقىشقا قوبۇل قىلىدۇ . ئەگەر ھېسابات ئېنىقلاش تەرتىپى ئاخىرلاشمىسا ، سوت مەھكىمىسى ئەرزنى قوبۇل قىلماسلىق قارارىنى چىقىرىش ياكى مۇددىتىنى ئۇزارتىش ھوقۇقىغا ئىگە ، بىراق ئىككى ئايدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ .

**20 - ماددا ئەرزنى رەت قىلىش ھۆكۈمى**

ئەگەر قەرز بەرگۈچى سۇنغان ئىلتىماس مەزكۇر قانۇننىڭ 4 - ماددىسىنىڭ 1 - تارمىقىدىكى تەلەپكە ماس كەلمىسە ، سوت مەھكىمىسى قەرز بەرگۈچىنىڭ كارخانىنىڭ ھېساباتىنى ئېنىقلاش توغرىسىدىكى ئەرزنى رەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە . ئەرزنى رەت قىلغاندا سوت مەھكىمىسى تولۇق پاكىتلىق ھۆكۈمنى چىقىرىشى كېرەك . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھۆكۈمنامىدە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەرزنىڭ كارخانىغا ئېلىپ كەلگەن زىيىنى ، زىياننىڭ مىقدارى ۋە قەرز بەرگۈچىنىڭ زىياننى تۆلەش مۇددىتى قاتارلىقلار ئېنىق بەلگىلىنىشى كېرەك . سوت مەھكىمىسىنىڭ كارخانا ۋە كارخانا ئىگىسىنىڭ ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان ھېسابات ئېنىقلاش ئىلتىماسىنى رەت قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ .

**21 ـ ماددا سوت مەھكىمىسىنىڭ ھېسابات ئېنقلاش توغرىسىدىكى قارارى**

سوت مەھكىمىسى ھېسابات ئېنقلاش ماتېرىياللىرىنى تەپسىلىي تەتقىق قىلغان ھەم سوت مەھكىمىسىگە يوللانغان ۋە سوت مەھكىمىسى ئۆزى ئېرىشكەن پاكىتنى تەكشۈرگەندىن كېيىن پاكىت تولۇق بولغان ئەھۋال ئاستىدا كارخانىنىڭ ھېساباتىنى ئېنقلاش قارارىنى چىقىرىدۇ ھەم ھېسابات ئېنقلىغۇچىنى تەيىنلەش مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ.

كارخانىنىڭ ھېساباتىنى ئېنقلاش قارارى چىقىرىلغان كۈندىن باشلاپ كارخانىغا قارىتىلغان بارلىق قەرز قايتۇرۇش ئەرزلىرى ياكى كارخانىنىڭ مۈلۈكلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇش ھەرىكەتلىرى توختىتىلىدۇ.

ئەگەر كارخانا بىلەن قەرز بەرگۈچى قەرزنى ئېنىق ھېسابلاپ ھەممىنى قايتۇرسا ياكى مەزكۇر قانۇننىڭ 9 ـ بابىدا بەلگىلەنگەن ماددا بويىچە كارخانا بىلەن قەرز بەرگۈچى يارىشىپ قىلىش كېلىشىمىنى تۈزسە سوت مەھكىمىسى كارخانا ھېساباتىنى ئېنقلىماسلىق قارارىنى چىقىرىدۇ.

**تۆتىنچى باب ھېسابات ئېنقلىغۇچى بىلەن قەرز بەرگۈچىنىڭ ھوقۇقى**

**22 ـ ماددا قەرز بەرگۈچىلەر مەجلىسى**

كارخانىنىڭ ھېساباتىنى ئېنقلاش ئۇقتۇرۇشى چىقىرىلىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن بەلگىلەنگەن ۋاقىت ۋە ئورۇندا قەرز بەرگۈچىلەر مەجلىسى ئېچىلىدۇ. ئەگەر سوت مەھكىمىسى ھېسابات ئېنقلىغۇچىنىڭ تەلىپى بويىچە يىغىن ئېچىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈش قارارىنى چىقارمىسا، قەرز بەرگۈچىلەر مەجلىسى كارخانىنىڭ قەرزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، لېكىن مەزكۇر قانۇن ۋە سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمىگە خىلاپلىق قىلمىغان ھەم ھېسابات ئېنقلىغۇچىنىڭ ھەرىكىتىگە توسقۇنلۇق قىلمايدىغان قارارنى چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە.

**23 ـ ماددا قەرز بەرگۈچىلەر مەجلىسىنىڭ قارارى**

قەرز بەرگۈچىلەر مەجلىسىنىڭ سوت مەھكىمىسى قاتناشقان ئەھۋالدا ھەر قانداق مەسىلىگە چىقارغان قارارى سوت مەھكىمىسىنىڭ قارارىدىن ئۆتكەندىن كېيىن كۈچكە ئىگە.

**24 ـ ماددا قەرز بەرگۈچىلەر كومىتېتى**

ھېسابات ئېنقلىغۇچىنىڭ خىزمىتىگە ياردەم بېرىش ھەم ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن، قەرز بەرگۈچىلەر مەجلىسىنىڭ 3 ـ 7 ئادەمنى تەشكىللەپ قەرز بەرگۈچىلەر كومىتېتىنى قۇرۇش ھوقۇقى بار.

قەرز بەرگۈچىلەر كومىتېتىنىڭ ھېسابات ئېنقلىغۇچىغا قەرز بەرگۈچىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تەكلىپلەرنى بېرىش ھوقۇقى بار.

**25 ـ ماددا ھېسابات ئېنقلىغۇچىغا نىسبەتەن ئىشەنمەسلىك**

قەرز بەرگۈچىلەر مەجلىسىنىڭ ھېسابات ئېنقلىغۇچىغا نىسبەتەن ئىشەنمەسلىكى ياكى يېڭى ھېسابات ئېنقلىغۇچىنى سايلاش توغرىسىدىكى قارارى ئەگەر كۆپ قىسىم قەرز بەرگۈچىلەر، كارخانا قەرزىنىڭ 75% ياكى 75% تىن كۆپرەكىگە ئىگە قەرز بەرگۈچىلەرنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتسە ماقۇللانغان بولىدۇ.

سوت مەھكىمىسى قەرز بەرگۈچىلەر مەجلىسىنىڭ قارارى بويىچە، بارلىق قەرز بەرگۈچىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىغان ۋە مەزكۇر قانۇننىڭ 40 ـ ماددىسى بىلەن 41 ـ ماددىسىدا بەلگىلەنگەن تەلەپكە رىئايە قىلغان ئاساستا ھېسابات ئېنقلىغۇچىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاپ قەرز بەرگۈچىلەر مەجلىسى كۆرسىتىپ بەرگەن يېڭى ھېسابات ئېنقلىغۇچىنى تەيىنلەيدۇ. سوت مەھ-

ىكىمىسى قاتناشمىغان كارخانىلارنىڭ ھېساباتىنى ئېنىقلاشتا ھېسابات ئېنىقلىغۇچىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەندە ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرغاندا قەرز بەرگۈچىلەر مەجلىسى مەزكۇر ماددىنىڭ 1 ـ قىسمىدا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئىش بىجىرىدۇ.

**26 ـ ماددا ھېسابات ئېنىقلىغۇچىنىڭ ھوقۇقى**

(1) تۆلىتىپ ئېلىش تەلىپىنى ياخشى رازى قىلىش ئۈچۈن كارخانىنىڭ مۈلۈكلىرىگە نىسبەتەن قانۇنلۇق ھەرىكەت يۈرگۈزۈلىدۇ؛ (2) پايدا ئېلىپ كەلمەيدىغان ياكى قەرز تۆلەشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بارلىق مال ـ مۈلۈك، قەرز ۋە مەسئۇلىيەتنى (ھېسابات ئېنىقلاش جەريانىدا قەرز بەرگۈچىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمايدىغان) قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىدۇ؛ (3) ھازىرقى رەھبەرنىڭ ئورنىدا كارخانا ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ، خىزمەتچى خادىملارنى ياكى مەسئۇل كىشىنى تەكلىپ قىلىدۇ ياكى ئىشتىن بوشىتىدۇ؛ (4) كارخانا ۋە ئۇنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى (ھەممىسى ياكى بىر قىسمى) باھا تالاشتۇرۇپ ساتىدۇ؛ (5) كارخانا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەر قانداق ئادەمنى سوراق قىلالايدۇ؛ (6) كارخانا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بارلىق ھېسابات دەپتىرى ۋە ھۆججەتلەرنى تەلەپ قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىش ھوقۇقى بار؛ (7) ئىش ھەققى ئالىدۇ، سوممىسى سوت مەھكىمىسىنىڭ ماقۇللۇقىدىن كېيىن بەلگىلىنىدۇ (سوت مەھكىمىسى قاتناشمىغان ھېسابات ئېنىقلاشنى قەرز بەرگۈچىلەر مەجلىسى بەلگىلەيدۇ).

ھېسابات ئېنىقلىغۇچى تۆۋەندىكى بىر نەچچە ئۇقتىنى ئورۇنلىشى كېرەك:

(1) سوت مەھكىمىسى كارخانىنىڭ ھېساباتىنى ئېنىقلاش قارارىنى چىقىرىپ ئۈچ كۈن ئىچىدە مەزكۇر قانۇننىڭ 11 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ قىسمى 2 ـ ئۇقتىسىدا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە گېزىتتە ئۇقتۇرۇش چىقىرىشى كېرەك؛ (2) كارخانا رەھبىرىنىڭ پائالىيىتى ۋە كارخانا مۈلۈكلىرىنى نازارەت قىلىدۇ؛ (3) ئىمكان قەدەر قىسقا مۇددەت ئىچىدە مەزكۇر قانۇننىڭ 30 ـ ماددىسىدىكى تەلەپ بويىچە غەيرىي نەق پۇل شەكلىدىكى بارلىق مۈلۈكلەرنى باھا تالاشتۇرۇپ ساتىدۇ ھەم مەزكۇر قانۇننىڭ 40 ـ ، 41 ـ ماددىسىدىكى تەرتىپ بويىچە قەرز بەرگۈچىلەرگە سېتىلغان مال ـ مۈلۈكلەرنى تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ؛ (4) سوت مەھكىمىسى ياكى قەرز بەرگۈچىگە (سوت مەھكىمىسى ھېسابات ئېنىقلاشقا نازارەت قىلمىغان ئەھۋالدا) ئۆزىنىڭ قارارى ۋە ھەرىكىتىنى شۇنداقلا كارخانا مەسئۇلى ۋە ياچېيكىنىڭ ھەرىكىتى ۋە مەسئۇلىيىتىنى دوكلات قىلىدۇ؛ (5) ھېسابات تالونى ۋە باشقا مالىيە ھۆججەتلىرىگە كارخانىنىڭ ھېساباتى ئېنىقلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش كېرەك.

**27 ـ ماددا ھېسابات ئېنىقلىغۇچىنىڭ كارخانا ياكى كارخانىنىڭ بىر قىسىم مۈلۈكلىرىنى باھا تالاشتۇرۇپ سېتىشتىكى ھوقۇقى**

ھېسابات ئېنىقلىغۇچى كارخانىنىڭ بارلىق ياكى بىر قىسىم مۈلۈكلىرىنى ساتقاندا يېڭى كارخانا قۇرۇش ھەم يېڭى تەشكىللەنگەن كارخانىغا تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانىنىڭ مۈلۈكلىرىنى سېتىپ ئۇنى يېڭى كارخانىنىڭ پايدىلىرىغا ئالماشتۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ، بۇنداق بولغاندا تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانىنىڭ قەرزىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاقىۋىتىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

**28 ـ ماددا ھېسابات ئېنىقلىغۇچىنىڭ تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانىلارنىڭ بىر قىسىم مۈلۈكلىرىنى باشقا كارخانىلارغا قوشۇپ بېرىش ھوقۇقى**

تۆلەش ئىقتىدارىبولمىغان كارخانىلار مۈلۈك قاتارىدا باشقا كارخانىلارنىڭ مۈلكىگە

قوشۇلۇپ شۇلارنىڭ كاپىتالى ۋە مال - مۈلكىگە ئايلىنىدۇ. تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانىلارنىڭ كاپىتالى باشقا كارخانىلاردا قانۇنلۇق خىراجەت ياكى مەبلەغنىڭ بىر قىسمى قىلىنىپ قايتۇرۇلمايدۇ ( تارقىتىش بەلگىلىمىسى بويىچە سېتىپ ئەكىلىشكە بولىدىغان پاي چېكى ئۇنىڭ سىرتىدا ). ھېسابات ئېنىقلىغۇچى تۆلەش ئىقتىدارى بولغان ئۈچىنچى تەرەپكە تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانىلارنىڭ بىر قىسىم كاپىتالى ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىپ بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە.

**29 - ماددا ھېسابات ئېنىقلىغۇچىنىڭ تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانىلارنىڭ توختام بويىچە باشقىلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان مال - مۈلكى جەھەتتىكى ھوقۇقى**

مەزكۇر قانۇننىڭ 26 - ماددىسى 1 - قىسمىنىڭ 2 - تارمىقىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ھېسابات ئېنىقلىغۇچى كارخانىنىڭ ھەر قانداق قەرزلىرىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. ھېسابات ئېنىقلىغۇچى تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانىغا مۇناسىۋەتلىك ھېسابات دەپتىرى ۋە ھۆججەتلەرنى تەكشۈرۈش ۋە كۆپەيتىپ بېسىش ھوقۇقىغا ئىگە.

ھېسابات ئېنىقلىغۇچى توختام مۇددىتى توشۇشتىن بۇرۇن تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانىنى باشقۇرغۇچى 3 - تەرەپكە ئالدىن ئۇقتۇرۇشى كېرەك. ئىككى تەرەپ قوشۇلغاندىن كېيىن توختام بويىچە تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانىنىڭ قەرزىنى ئۈستىگە ئالىدۇ ھەم 3 - تەرەپ مال - مۈلۈكلەرنى كىم ئارتۇق قىلىپ ساتىدۇ.

**30 - ماددا ھېسابات ئېنىقلىغۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتى**

ھېسابات ئېنىقلىغۇچىنىڭ تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانا بىلەن قەرز بەرگۈچىگە نىسبەتەن ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيىتى: مال - مۈلۈكنى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش توغرىلىق ئالدىن ئۇقتۇرۇش چىقىرىدۇ؛ مال - مۈلۈكنى ئىمكان قەدەر يۇقىرى باھادا ساتىدۇ؛ بىر قەدەر پايدىلىق شارائىت ئاستىدا مال - مۈلۈكنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ساتىدۇ. ھېسابات ئېنىقلىغۇچىنىڭ مال - مۈلۈكنى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش ئۇقتۇرۇشىدىكى بەلگىلەنگەن مۇددەتنى ئۇزارتىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئەگەر ھېسابات ئېنىقلىغۇچى مال - مۈلۈكنى ساتقاندا تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانا ياكى قەرز بەرگۈچى باھادىن رازى بولماي ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالمىسا ھېسابات ئېنىقلىغۇچى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. ھېسابات ئېنىقلىغۇچىنىڭ سەۋەنلىكى بىلەن كارخانا ياكى قەرز بەرگۈچى زىيانغا ئۇچرىسا، سوت مەھكىمىسى تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانا ياكى قەرز بەرگۈچىنىڭ سۇنغان ئەرزى بويىچە ھېسابات ئېنىقلىغۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرىدۇ.

**31 - ماددا ھېسابات ئېنىقلىغۇچى بىلەن ھەمكارلىشىشتا ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتنى رەت قىلىش**

ھېسابات ئېنىقلىغۇچى ئۆز بۇرچىنى ئىجرا قىلغاندا ھېسابات ئېنىقلىغۇچى بىلەن ھەمكارلىشىشنى رەت قىلىش قانۇنسىز ھەرىكەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھېسابات ئېنىقلىغۇچىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئىجرا قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلغان، سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمىگە خىلاپلىق قىلغانلارغا نىسبەتەن سوت مەھكىمىسى ھېسابات ئېنىقلىغۇچىنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇلار ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. كارخانا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەر بىر ئادەم ئاغزاكى ياكى يازما شەكىلدە ھېسابات ئېنىقلىغۇچىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشى، ھېسابات دەپتىرى، ھۆججەت ۋە ھېسابات ئېنىقلىغۇچىغا كېرەكلىك بولغان باشقا

ماتېرىياللارنى تاپشۇرۇشى كېرەك .

**32 ـ ماددا ھېسابات ئېنىقلىغۇچى ۋە رەڭگە قويۇپ سۇغۇرتىغا قاتنىشىدىغان قەرز بەرگۈچى**

ھېساباتى ئېنىقلىنىدىغان كارخانىنى رەڭگە قويىدىغان قەرز بەرگۈچىنىڭ ھوقۇقىنى «قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەڭگە قويۇش قانۇنى» مەزكۇر قانۇن بىلەن زىت بولمىغان شەرت ئاستىدا تەگىشەيدۇ . ھېسابات ئېنىقلاش تەرتىپىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە زىيانغا ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن ھېساباتى ئېنىقلىنىدىغان كارخانىنى رەڭگە قويۇش ھوقۇقىغا ئىگە قەرز بەرگۈچى ھېسابات ئېنىقلاشنى باشلىغاندا تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا يول قويۇلىدۇ :

ئەگەر ھېسابات ئېنىقلاش باشلانغاندا رەڭگە قويۇپ سۇغۇرتىغا قاتناشماقچى بولغان قەرز بەرگۈچى كارخانا مۈلكىنىڭ بىر قىسمى ياكى ھەممىسىگە ئىگە بولسا ئاندىن قەرز بەرگۈچى بولالايدۇ . ئەكسىچە بولغاندا قەرز بەرگۈچى بۇ مۈلۈكلەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولىدۇ . بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ، ھېسابات ئېنىقلىغۇچى بۇ مۈلۈكلەرنى باشقۇرۇش سېتىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ ، ئەگەر رەڭگە قويۇپ سۇغۇرتىغا قاتنىشىدىغان قەرز بەرگۈچى بىلەن باشقا كېلىشىم تۈزمىگەن بولسا ، مەزكۇر قانۇندا بەلگىلەنگەن ئۈستۈنلۈك ھوقۇقى بويىچە قەرزلەرنى تەقسىم قىلىدۇ .

**33 ـ ماددا رەڭگە قويۇشنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى**

ھېسابات ئېنىقلاش جەريانىدا ھېسابات ئېنىقلىغۇچى چوقۇم قەرز بەرگۈچىنىڭ رەڭگە قويۇشتىكى ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئېنىقلىشى كېرەك . قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەڭگە قويۇش قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ئەھۋالدىن باشقا تۆۋەندىكى رەڭگە قويۇشنىڭ ھەممىسى ئىناۋەتسىز :

(1) ھېسابات ئېنىقلاش باشلانغاندىن كېيىن رەڭگە قويۇلغان بولسا ؛ (2) كارخانا ھېساباتى ئېنىقلىنىشتىن بىر يىل بۇرۇن رەڭگە قويۇلغان بولسا ، رەڭگە قويۇش جەريانىدا ھەتتا قەرز قايتۇرۇش جەريانىدا كارخانا قەرزنى قايتۇرالمىسا ياكى كارخانا بۇ خىل رەڭگە قويۇش توختىمى تۈزۈپ قەرزنى قايتۇرالمىسا ؛ (3) باشقا ئەھۋاللاردا مەسىلەن ، كونا قەرزلەرگە نىسبەتەن رەڭگە قويۇلمىغان بولسا ، كونا قەرزنىڭ تەرتىپى ۋە شەرتلىرى ئىتراپ قىلىنمىسا مۇناسىۋەتلىك تەرتىپ ـ قائىدە بويىچە ئېنىق بەلگىلىنىدۇ .

**34 ـ ماددا ھېسابات ئېنىقلانغاندىن كېيىنكى رەڭگە قويۇش**

ھېسابات ئېنىقلاش باشلانغاندىن كېيىن رەڭگە قويۇلغان بولسا مۇناسىۋەتسىز بولىدۇ ، بىراق تۆۋەندىكى ئەھۋاللار ئۇنىڭ سىرتىدا .

(1) ھەقكەملەر سوتى ياكى ھېسابات ئېنىقلىغۇچى يول قويغان رەڭگە قويۇش ؛ (2) رەڭگە قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان قەرز بەرگۈچى قويغان رەنە ، چۈنكى قەرز بەرگۈچى كارخانا مۈلۈكلىرىنى كەم ئارتۇق قىلىپ سېتىش ھوقۇقىغا ئىگە ، بىراق قەرز بەرگۈچىنىڭ قارىشىچە ئەگەر ئىككىسىدىن بىرنى تاللاش توغرا كەلسە رەڭگە قويۇش قەرز قايتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىدۇر ؛ (3) كېلىشىم بويىچە رەڭگە قويۇش ، بىراق ئۇنىڭ شەرتى مەزكۇر كېلىشىم كارخانا تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانىغا ئايلانغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە .(داۋامى بار)

# قازاقستان، تاجىكىستان ۋە تۈركمەنىستاننىڭ ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى

قازاقستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك ستاتىستىكا كومىتېتى بىلەن ئىقتىساد مىنىستىرلىكىنىڭ ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيىتى قازاقستاندىكى سودا شېرىكلىرى ئىچىدە 10 - ئورۇندا، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر ئىچىدە بەشىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن. ماتېرىيالغا ئاساسلانغاندا 1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى سەككىز ئېيىدا، تۈركمەنىستاننىڭ ئومۇمىي سودا سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 3.6% (مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدە 6.2%)، ئېكسپورت 1.2% (مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدە 2.2%)، ئىمپورت 7.1% (مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدە 11.1%) بولۇپ 1994 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىگە سېلىشتۇرغاندا سودا سوممىسى 47.6% تۆۋەنلىگەن. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا سوممىسى 352 مىليون 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ تەتۈر پەرق 301 مىليون 600 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولغان. 1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى سەككىز ئېيىدىكى سودا سوممىسى 193 مىليون 900 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ئېكسپورت سوممىسى 38 مىليون 300 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، ئىمپورت سوممىسى 155 مىليون 600 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولغان. سودا تەڭپۇڭلۇق جەدۋىلىدىكى تەتۈر پەرق 117 مىليون 300 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 1995 - يىللىق سودىنى 1994 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا تەتۈر پەرق 184 مىليون 400 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئەتراپىدا بولغان. قازاقستان تۈركمەنىستاندىن ئىمپورت ئومۇمىي سانىنىڭ 40% نى ئىگىلەيدىغان تەبىئىي گاز، تۆتتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان مىنېرال يېقىلغۇلار، 17% ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، 4% پاختا، تەخمىنەن 1.5% ئاليۇمىن ئىمپورت قىلدى. قازاقستان تۈركمەنىستاننى بۇغداي (27.7%)، قارا مېتاللار (15%)، گۆش ۋە گۆش مەھسۇلاتلىرى (11%)، سېمونت (8.2%)، قۇرۇلما ۋە ماشىنىسازلىق ئۈسكۈنىلىرى (6.8)، قارا مېتال بۇيۇملار (5.7%)، قاتناش ترانسپورت ئۈسكۈنىلىرى (3%) بىلەن تەمىنلىدى. قازاقستان تۈركمەنىستاننى ئېكسپورت ئومۇمىي نورمىسىنىڭ 18% نى ئىگىلەيدىغان خىمىيىلىك تالا، تەخمىنەن 13% نى ئىگىلەيدىغان سېمونت، 10% نى ئىگىلەيدىغان گۆش ۋە گۆش مەھسۇلاتلىرى، كاۋچۇك بۇيۇملىرى، تەخمىنەن 5% نى ئىگىلەيدىغان بۇغداي، ئۇن ۋە قارا ئاش، ماشىنىسازلىق ئۈسكۈنىلىرى ۋە قارا مېتال بۇيۇملار بىلەن تەمىنلىدى.

مۇستەقىللىققە ئېرىشكەندىن كېيىن ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن مۇقىم شەكىل بويىچە راۋاجلانماقتا. 1993 - يىلدىن باشلاپ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى تاۋار ئالماشتۇرۇش مەسىلىسى ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىق كېلىشىمى ئاساسىدا باشلاندى. بىراق ھازىر ساقلىنىۋاتقان ئۆز ئارا سودىلىشىش چەك - چېگرىسى (تاموژنا بېجى باج يىغىش ۋە باشقا باجلار) ئۆز دۆلىتىنىڭ پۇلىنى تارقىتىش، كارخانىنىڭ مەبلىغى كەمچىل بولۇش، تۆلەش قىيىن بولۇش قاتارلىقلار ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئوبروت سوممىسىنىڭ تېزدىن تۆۋەنلىشىنى كەلتۈ-

رۇپ چىقاردى . شۇنىڭ ئۈچۈن 1995 ـ يىلى
ئىككى دۆلەت 1995 ـ يىللىق ئىقتىسادىي سودا
ھەمكارلىق پرىنسىپى كېلىشىمىنى ئىمزالىدى .
كېلىشىم بويىچە قازاقىستان 50 مىڭ توننا ئاشلىق
بىلەن تەمىنلەيدۇ ھەم نورما بويىچە تۈركمەنىس-
تانغا ئېكسپورت قىلىدىغان ئۇسىتر بېلىقى ۋە
ئىكرالاردىن ئېلىنىدىغان ئېكسپورت تاموژنا بېجى
بىكار قىلىنىپ، ئۇ تۈركمەنىستاندىن تەبىئىي گاز
ۋە ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ئىمپورت قىلىدىغان
قەرزگە ئىشلىتىلىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا مەھ-
سۇلاتلار بىلەن ئۆز ئارا تەمىنلەشتە ئەڭ ئېتىبار
بېرىلىدىغان دۆلەتلەر بويىچە مۇئامىلە قىلىنىدۇ .
مەھسۇلات بىلەن تەمىنلەشتىن باشقا قازاقىستان
تەبىئىي گازلارنى چېگرىدىن چىقىرىشتا تۈركمە-
نىستانغا يەنە ئەمگەك مۇلازىمىتىنىمۇ چىقىرىدۇ .
قازاقىستان نېفىت تەبىئىي گاز مىنىستىرلىكى
ئىمزالىغان 1995 ـ يىلدىكى ھەمكارلىق كېلە-
شىمى بويىچە : 40 مىليارد كۇب مېتر تەبىئىي گاز
توشۇلىدۇ . تۈركمەنىستان قازاقىستاننى توشۇلى-
دىغان تەبىئىي گاز ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 10% ى
بىلەن تەمىنلەيدۇ .

تۈركمەنىستان بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدا
ئىمزالانغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈپ پرىنسىپى
ۋە نىشانى توغرىسىدىكى كېلىشىم بويىچە 2000 ـ
يىلغىچە تۈركمەنىستان تاموژنا ئىتتىپاقىغا ئەزا
بولمايدۇ . ئىككى تەرەپنىڭ ئەركىن سودا ئاسا-
سىدا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆ-
لەتلەر ئارا مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرىدۇ .

تاجىكىستان قازاقىستاننىڭ سودا شېرىك-
لىرى ئىچىدە 20 ـ ئورۇندا، مۇستەقىل دۆلەتلەر
بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر ئىچىدە سەككىزىنچى
ئورۇندا تۇرىدۇ . ستاتىستىكا كومىتېتىنىڭ ما-
تېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، 1995 ـ يىلنىڭ ئال-
دىنقى سەككىز ئېيىدا تاجىكىستاننىڭ قازاقىستان-
نىڭ سودا ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىس-
بىتى 0.7% ( مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدە
1.2%) ئېكسپورت 0.9% ( مۇستەقىل دۆلەتلەر
بىرلەشمىسىدە 1.7% ) ئىمپورت 0.3% (مۇستەقىل
دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن 0.5%) بولغان . 1994 ـ
يىلغا سېلىشتۇرغاندا 1995 ـ يىلنىڭ ئالدىنقى
سەككىز ئېيىدىكى سودا سوممىسى ئەسلىدىكى
سەۋىيىدە تۇرۇپ قالغان . 1994 ـ يىلى ئىككى
دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا سوممىسى 51 مىليون
200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، تەتۈر پەرق 32
مىليون 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولغان .
1995 ـ يىلنىڭ ئالدىنقى سەككىز ئېيىدىكى
سودا سوممىسى 36 مىليون 200 مىڭ ئامېرىكا
دوللىرى، ئېكسپورت سوممىسى 28 مىليون 900
مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، ئىمپورت سوممىسى 7
مىليون 300 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولغان . ئىم-
پورت جەددىي تۆۋەنلىگەنلىكتىن سودا تەڭپۇڭ-
لۇق پەرقى 21 مىليون 600 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى
بولغان .

تاجىكىستان قازاقىستاننى ئېلېكتر ئېنېر-
گىيىسى (26.7%)، پارتلاش خاراكتېرىدىكى ماد-
دىلار (25.2%)، پاختا (20.5%)، ئالىيومىن ۋە
ئالىيومىن بۇيۇملىرى (8.2%)، ھۆل مېۋە كۆكتات-
تىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەر (2.7%)
بىلەن تەمىنلىدى . قازاقىستان تاجىكىستاندىن
ئومۇمىي ئىمپورت مىقدارىنىڭ 25% نى ئىگىلەي-
دىغان پاختا، تەخمىنەن 13% قۇرۇلۇش ماتېرى-
ياللىرى، 5% ـ 8% ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى، ھۆل
مېۋە ۋە كۆكتات، تەخمىنەن 2% ھۆل مېۋە ۋە
كۆكتاتتىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەر،
1% ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىگە ئىگە بولدى . 1995 ـ
يىلى تاجىكىستاندىن قازاقىستانغا ئىمپورت قىلىن-
غان ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنىڭ مىقدارى يەتتە
ھەسسە تۆۋەنلىدى . 1994 ـ يىلى قازاقىستاننىڭ
تاجىكىستاندىن ئىمپورت قىلغان ئېلېكتر ئېنېر-
گىيىسىنىڭ مىقدارى ئومۇمىي ئىمپورت مىقدار-

نىڭ 6% نى ئىگىلىگەن ئىدى. قازاقىستان تاجىكىستاننى ئاشلىق (61.9%)، مىنېرال يېقىلغۇلار (8.4%)، ئۇن ۋە قارا ئاش (6.7%)، قۇرۇقلۇق قاتناش ئەسلىھەلىرى (4.3%)، قارا مېتال (2.8%)، كۆكتات ۋە ھۆل مېۋە (2.3%)، ئانئورگانىك خىمىيە مەھسۇلاتلىرى (1%) بىلەن تەمىنلىدى. قازاقىستان تاجىكىستاننى ئېكسپورت ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 10% نى ئىگىلەيدىغان ئۇن، قارا ئاش، كۆكتات ۋە ھۆل مېۋە، 4% نى ئىگىلەيدىغان قۇرۇقلۇق قاتناش ئەسلىھەلىرى ۋە ئۇنىڭ زاپچاسلىرى، تەخمىنەن 2% نى ئىگىلەيدىغان سېمونت كاۋچۇك بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلىدى.

ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتى مۇستەقىللىققە ئېرىشكەندىن كېيىن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن مۇقىم شەكىل بويىچە راۋاجلانماقتا. 1993 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى دۆلەتتىن ھالقىغان تاۋار ئالماشتۇرۇش ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي سودا كېلىشىمى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلماقتا. ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان كېلىشىمگە ئاساسەن، 1993 ـ يىلى تاجىكىستاننىڭ قازاقىستاندىن ئالغان تېخنىكا جەھەتتىكى قەرزى دۆلەت قەرزىگە كىرگۈزۈلدى. 1994 ـ يىلى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاندى. كېلىشىمدە مۇنداق بەلگىلەندى: ئۆز ئارا مال بىلەن تەمىنلەشتە تاموژنا بېجى تاپشۇرۇلمايدۇ. 1995 ـ يىلى ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى غەيرىي سودا تۆلەم كېلىشىمى، دۆلەت قەرزىنى تۆلەش كېلىشىمى ئىمزالىدى. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1995 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرى سۆھبەت ئۆتكۈزدى ھەم تۆۋەندىكى بىر نەچچە مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلدى:

1. تاجىكىستان ئۇرۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېغىر ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ قازاقىستاننىڭ دۆلەت قەرزىنى ۋاقتىدا قايتۇرالمايدۇ ھەم 1995 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن بۇرۇن قەرز قايتۇرۇش ۋاقتىنى بەلگىلەشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ. 1995 ـ يىلى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىق پىرىنسىپى كېلىشىمى ئىمزالىنىدۇ. ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ھەم ئۆز ئارا سودىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىش ئۈچۈن تاجىكىستان ھۆكۈمىتى تاموژنا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەردىن تاموژنا ئىتتىپاقىغا ئەزا بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

2. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش قەدىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتىنى كېڭەيتىش ھەم ئۆز ئارا سودىدىكى چەكلىمىنى تەدرىجىي يوقىتىش ئۈچۈن 1995 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە ئىككى دۆلەت مۇتەخەسسىسلىرى ئالمۇتادا ئۇچرىشىپ ئىقتىساد تارماقلىرىنىڭ رەھبەر دەرىجىلىك ئەركىن سودا كېلىشىم لايىھىسى ۋە ئەركىن سودا تۈزۈمىنى توختىتىش باياناتنامىسىگە قول قويدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھۆججەتلەر 1995 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئىمزالاندى.

# روسىيىنىڭ 1995 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە بولغان ئىمپورت سودا ئەھۋالى

1995 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە روسىيىنىڭ ئىمپورت قىلغان تاۋار ئومۇمىي سوممىسى 33 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى ، بۇ ، 1994 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا 5 مىليارد 600 مىليون ئامېرىكا دوللىرى يەنى 20% كۆپ . بۇنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن باشقا ھەر قايسى دۆلەتلەردىن كىرگۈزگەن ئىمپورت سوممىسى 24 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، 1994 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا 20% كۆپ ، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودىدىكى ئىمپورت سوممىسى 9 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ ، 1994 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا 22% ئاشتى . مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا ھەر قايسى دۆلەتلەردىن باشقا ، روسىيىنىڭ ئاساسلىق ئىمپورت سودا شېرىكى تۆۋەندىكى دۆلەتلەردىن ئىبارەت : گېرمانىيە ـ 4 مىليارد 900 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ، ئامېرىكا ـ 1 مىليارد 900 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ، فىنلاندىيە ـ 1 مىليارد 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ، گوللاندىيە ـ 1 مىليارد 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ، ئىتالىيە ـ 1 مىليارد 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرى . روسىيىنىڭ يۇقىرىدىكى دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلغان تاۋار سوممىسى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن باشقا ھەر قايسى دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلغان تاۋار ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 45% نى ئىگىلەيدۇ . مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ئارىسىدا ، روسىيىنىڭ ئاساسلىق تاشقى سودا شېرىكى تۆۋەندىكى دۆلەتلەردىن ئىبارەت : ئۇكرائىنا ـ روسىيىنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىمپورت سودا ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 48% نى ، قازاقىستان ـ 20% ، بېلورۇسىيە ـ تەخمىنەن 16% نى ئىگىلەيدۇ .مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ قالغان ھەر قايسى دۆلەتلەردىن كىرگۈزگەن ئىمپورت سودا سوممىسىنىڭ يىغىندىسى 16% تىن سەل يۇقىرى . ئۆزبېكىستان ـ تەخمىنەن 7% ، مولداۋىيە ـ 4.4% ، تاجىكىستان ـ 1.2% ، تۈركمەنىستان ـ 1% ، قىرغىزىستان ـ 0.8% ، ئەزەربەيجان ـ 0.7% ، ئەرمەنىستان ـ 0.6% ، گروزىيە ـ 0.3% نى ئىگىلەيدۇ .

ئانالىز قىلىشلارغا قارىغاندا ، بۇ باسقۇچتىكى ئىمپورت ئەھۋالىنىڭ ئەمەلىي ئۆسۈشى ، روسىيىنىڭ تاۋار ئېكسپورت سودىسىنى كېڭەيتىشنىڭ ئاساسىغا ئايلىنىپ ، روسىيىنىڭ ئاساسلىق ئېكسپورت تاۋارلىرىغا پايدىلىق ۋەزىيەتنى ياراتتى ۋە مال بىلەن تەمىنلەش مىقدارىنى تەبئىي ھالدا ئاشۇردى . ھەر تۈرلۈك ئىقتىسادىي سىياسەت ۋە تەدبىرلەر ئىمپورت سودىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى . بۇ سىياسەت ۋە تەدبىرلەر رۇبلى ۋە تاشقى پېرېۋوتنىڭ پېرېۋوت نىسبىتىنى ئېنىق بەلگىلەش قارارى ۋە ماشىنا مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاموژنا باج نىسبىتىنى تۆۋەنلەتىش تەدبىرى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئىمپورتنى شەرت قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىل روسىيىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك كىرىم ـ چىقىمدىكى قىزىل رەقەمدىن ئىبارەت . روسىيىدە چەت ئەللەردىن قەرز ئالغانلىقنىڭ تەسىرىدىن ، قىزىل رەقەم تېز سۈرئەتتە ئاشتى . ھازىر ، چەت ئەللەردىن ئالغان قەرز ۋە ئۇنىڭ ئۆسۈمىنى تۆلەش

مەسىلىسى ، روسىيە ئىقتىسادىنى زور بېسىمغا ئۇچراتماقتا . 1994 ـ يىلى ، روسىيە قايتۇرۇپ بولالمىغان تاشقى قەرز ھازىر 15 مىليارد 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشتى . تاشقى قەرز مەبلەغنى تەڭشەشكە توسالغۇ بولۇپلا قالماي ، يەنە ئىشلەپچىقىرىشقا سېلىنىدىغان مەبلەغنىمۇ شەرت قىلىدۇ ـ دە ، ئاخىرىدا ھەر خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ كۆچىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .

روسىيىنىڭ چەت ئەللەرگە قەرزدار بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب مۇۋاپىق بولمىغان يۇقىرى ئىستېمالدىن ئىبارەت . شۇڭا ، ھەر خىل نامۇۋاپىق ئىستېمالنى كونترول قىلىش ۋە ئۇنى ماددىي شارائىت يار بېرىدىغان دائىرىگە يېتەكلەش بۇ بىر تۈرلۈك مۇھىم ۋەزىپىدىن ئىبارەت . 1995 ـ يىلدىن 1996 ـ يىلغىچە ، روسىيە يەنىلا چەت ئەللەرنىڭ روسىيىگە قەرز بېرىشىنى ئامال بار جەلپ قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇ قەرز پۇللاردىن مۇۋاپىق ئۈنۈملۈك پايدىلىنالمىغانلىقتىن ، تاشقى قەرزى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى . روسىيە ئىمپورت تاۋارلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ئاساسەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ : بىرى ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى ، يەنە بىرى ئاشلىق ۋە يېمەكلىكلەر ، بۇ ئىككى تۈر ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %60 نى ئىگىلەيدۇ .

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن باشقا دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلىنىدىغان تاۋارلار ئاساسەن : ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى ـ ئوخشاش تۈردىكى تاۋار ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %8 دىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ ، دورا ـ %97 ، كىيىم ـ كېچەك ۋە ئاياق ـ %90 ، ھەر خىل ئۆي جاھازلىرى ـ %80 نى ئىگىلەيدۇ . مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئايرىم تاۋارلىرى روسىيىنىڭ ئىمپورت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش جەريانىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ . 1995 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى توققۇز ئېيىدا ، روسىيە يۇقىرىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردىن تۆۋەندىكىدەك تاۋارلارنى ئىمپورت قىلىپ ، دۆلەت ئىچىدىكى ئېھتىياجنى قاندۇردى . يەنى ، ئاليۇمىن رودىسى ۋە چەككەلەنگەن ئاليۇمىن رودىسى ، ئوخشاش تۈردىكى تاۋار ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %40 نى ، كۆمۈر ـ %90 ، پاختا رەخت ـ %80 ، قارا رەڭلىك مېتال ـ %80 ، تۇرۇبا ـ %70 ، ئاق شېكەر ـ %80 ، ھاراق ۋە ئىسپىرتسىز ئىچىملىكلەر ـ %47 نى ئىگىلەيدۇ . 1995 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى توققۇز ئېيىدىكى تاۋار ئىمپورت قىلىش مىقدارىنى 1994 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ، روسىيىنىڭ ماشىنا ئۈسكۈنىلىرىنى ئىمپورت قىلىش مىقدارى %14.88 ئاشتى ، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ سودا سوممىسى %20 تۆۋەنلەپ كەتتى ، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن باشقا دۆلەتلەرنىڭ سودا سوممىسى %25 ئاشتى . ئىمپورت مىقدارىنىڭ ئازىيىپ كېتىشىنى ۋە تۈزۈلۈشىنىڭ ئورۇنسىزلىشىشىنى توسۇش ئۈچۈن ، روسىيە ھۆكۈمىتى «1995 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن باشلاپ ، تاۋار تىزىملىك جەدۋىلىدىكى كۆپ قىسىم ماشىنا ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىمپورت تاموژنا باج نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش توغرىسىدا »غا مۇناسىۋەتلىك قارارنى بەلگىلىدى . گەرچە ، بۇ ئۇسۇلنى قوللانغان بولسىمۇ لېكىن ئىمپورت مىقدارى يەنىلا كۆرۈنەرلىك ئاشمىدى . ئىمپورت تاموژنا باج نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئايدا ئىمپورت سوممىسى

ئوخشاش سەۋىيىدە ساقلىنىپ ، ھەر ئايدىكى ئوتتۇرىچە قىممىتى 1 مىليارد 220 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولدى . روسىيىنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودىسىدا ، تاموژنا باج نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىشتىن ئىلگىرى ، ھەر ئايدىكى ماشىنا ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىش ئوتتۇرىچە ئومۇمىي سوممىسى 190 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، ھەر ئايدىكى ئوتتۇرىچە قىممەت ئانچە ئاشمىدى . ھۈنەر - سەنئەت ئۈسكۈنىلىرى ، ماشىنا ۋە ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى ، كران ، يېنىك تىپتىكى ئاپتوموبىل ، توڭلاتقۇ ، تېلېۋىزور ۋە كۆرۈنمە چاستوتا ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق ئىشلىتىشكە چىداملىق تاۋارلارنىڭ ئىمپورت مىقدارى ئاشتى . روسىيىنىڭ تاۋار ئىمپورت قىلىش تۈزۈلمىسىدە ، پۇل سانى جەھەتتە مۇئەييەن مىقدارنى ئىگىلەيدىغان يەنە بىر چوڭ تاۋار - ئاشلىق ، يېمەكلىك ۋە يېزا ئىگىلىك خام ماتېرىيالىدىن ئىبارەت . بۇ خىل تاۋار ئومۇمىي ئىمپورت سوممىسىنىڭ 27.4% نى ئىگىلەيدۇ ، 1994 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ، روسىيىنىڭ ئاشلىق ۋە يېمەكلىك ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسى 17% ئاشتى . مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن باشقا ، روسىيىنىڭ ئاشلىق ۋە يېمەكلىك ئىمپورت قىلىشتىكى ئاساسلىق تاشقى سودا شېرىكى گېرمانىيە ، ئامېرىكا ، فرانسىيە ، ئەنگلىيە ، گوللاندىيە ، ئىتالىيە ۋە جۇڭگو ، روسىيە يۇقىرىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردىن ئاشلىق ، يېمەكلىك ۋە ئىشلەپچىقىرىش خام ماتېرىيالى قاتارلىقلارنى ئىمپورت قىلغاندا كەتكەن پۇل ، ئوخشاش تاۋار ئىمپورت قىلىشتا كەتكەن ئومۇمىي پۇلنىڭ 75% گە يېتىدۇ .

1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى توققۇز ئېيىدىكى بىلەن 1994 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىنى سېلىشتۇرغاندا ، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردىن ئاشلىق ۋە يېمەكلىك ئىمپورت قىلىش سۈرئىتى 155% ئاشتى ، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن باشقا ھەر قايسى دۆلەتلەردىن ئاشلىق ۋە يېمەكلىك ئىمپورت قىلىش سۈرئىتى 109% ئاشتى . نەتىجە ئىسپاتلىدىكى ، روسىيىنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردىن ئاشلىق ۋە يېمەكلىك ئىمپورت قىلىش نىسبىتى 18% دىن ئېشىپ 23% كە يەتتى ، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن باشقا ھەر قايسى دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلىش نىسبىتى 32% دىن ئازىيىپ 29% كە چۈشتى .

1994 - يىلى ، روسىيە ئىمپورت قىلغان ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 10 مىليارد 700 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا ، 1995 - يىلى 12 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى . مانا بۇ روسىيىنىڭ ئاشلىق ۋە يېمەكلىك ئىمپورت قىلىش دائىرىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . شۇڭا ، خېلى كۆپ مەبلەغ ئاجرىتىپ ئىمپورت قىلىنغان ئاشلىق ۋە يېمەكلىكنى سېتىۋېلىشتىكى خىراجەتنى تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ . يېمەكلىك ، ئىمپورت قىلىنىدىغان ئاشلىق ۋە يېمەكلىك ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 33% نى ئىگىلەيدۇ .

تۆۋەندىكى جەدۋەلدە روسىيە ئاساسلىق ئىمپورت قىلغان بىر نەچچە خىل ئاشلىق ۋە يېمەكلىكلەر كۆرسىتىلدى :

## 1995 - يىلى 1 - ئايدىن 9 - ئايغىچە روسىيە ئىمپورت قىلغان بەزى يېمەكلىكلەر

| يېمەكلىك ئىسمى | جەمئىي | | مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر | | مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن باشقا دۆلەتلەر | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | مىليون ئامېرىكا دوللىرى | نىسبەت % | مىليون ئامېرىكا دوللىرى | ئومۇمىي مىقدار - دىكى نىسبەت % | مىليون ئامېرىكا دوللىرى | ئومۇمىي مىقدار - دىكى نىسبەت % |
| جەمئىي | 9000.0 | 100.0 | 6917.0 | 76.9 | 2083.0 | 23.1 |
| گۆش، گۆش مەھسۇلاتلىرى قۇش گۆشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ | 1601.8 | 17.8 | 1330.8 | 83.1 | 27.1 | 16.9 |
| يېڭى بېلىق، توڭلىتىلغان بېلىق ، سۆڭەكى ئېلىۋېتىلگەن بېلىق-گۆشى | 139.8 | 1.5 | 135.2 | 96.7 | 4.6 | 3.3 |
| سۈت ۋە قويۇلدۇرۇلغان سۈت مېيى | 95.4 | 1.1 | 59.5 | 62.4 | 35.9 | 37.6 |
| خام قايماق | 360.9 | 4.0 | 253.6 | 70.3 | 107.3 | 29.7 |
| سىترۇس ئۆسۈملۈكلىرى | 188.1 | 2.1 | 184.1 | 97.9 | 4.0 | 2.3 |
| چاي | 232.0 | 2.6 | 228.7 | 98.6 | 3.3 | 1.4 |
| دانلىق زىرائەت | 236.7 | 2.6 | 127.0 | 53.6 | 109.7 | 46.4 |
| گازىر مېيى | 167.2 | 1.9 | 117.1 | 70.0 | 59.8 | 30.0 |
| ئاق شېكەر | 534.0 | 5.9 | 107.4 | 20.1 | 426.6 | 79.9 |
| تەركىبىدە كاكائو بار يېمەكلىكلەر | 298.0 | 3.3 | 291.8 | 97.9 | 6.2 | 2.1 |
| ھاراق ، ئىسپىرتسىز يېمەكلىكلەر | 1264.1 | 14.0 | 674.4 | 53.3 | 589.7 | 46.7 |
| تاماكا | 237.7 | 2.7 | 226.8 | 99.6 | 12.9 | 0.4 |

يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلار، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ روسىيىنىڭ گۆش، سۈت ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرى، خام قايماق، دانلىق زىرائەت، گازىر مېيى، ئاق شېكەر، ھاراق ۋە ئىسپىرتسىز ئىچىملىك قاتارلىقلارنى ئىمپورت قىلىشتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئانالىز قىلىنىشىچە، روسىيىنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ۋە چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئاشلىق ۋە يېمەكلىك جەھەتتىكى سودىسىنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرغاندا، ئىمپورت قىلىش باھاسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ھەم ئۆز ئارا سېلىشتۇرمىسى روشەن ئوخشاشمايدۇ. شۇڭا، 1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى توققۇز ئېيىدا، روسىيىنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودىسىدا ئىمپورت باھاسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ئۆزگىرىشچان بولدى.

روسىيىنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ۋە باشقا دۆلەتلەردىن تاۋار ئىمپورت قىلىشتىكى ئوتتۇرىچە باھا ئۆلچىمى ۋە سېلىشتۇرما ئۆلچىمى تۆۋەندىكىچە:

(ئامېرىكا دوللىرى / كىلوگرام)

| يېمەكلىك ئىسمى | مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن باشقا دۆلەتلەردىكى باھا | | | مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى باھا | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1 ـ ئاي | 9 ـ ئاي | 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ ئايدىكى نىسبىتى | 1 ـ ئاي | 9 ـ ئاي | 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ ئايدىكى نىسبىتى |
| يېڭى گۆش ۋە توڭلىتىلغان گۆش | 1.47 | 1.5 | 102.0 | 0.93 | 1.27 | 136.6 |
| توڭلىتىلغان قۇش گۆشى | 0.79 | 0.87 | 112.1 | 1.25 | 1.09 | 87.2 |
| خام قايماق | 1.57 | 1.76 | 112.1 | 2.17 | 2.06 | 94.9 |
| گازىر مېيى | 1.14 | 1.07 | 94.0 | 0.65 | 0.72 | 110.8 |
| ئاق شېكەر | 0.45 | 0.44 | 97.7 | 0.35 | 0.44 | 125.7 |

1995 - يىلى 1 - ئايدىن 9 - ئايغىچە، روسىيىنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن باشقا ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودىسىدا، يېڭى ۋە توڭ گۆشنىڭ ئوتتۇرىچە ئىمپورت باھاسى ئاساسەن ئۆرلىمىدى، قۇش گۆشى ۋە خام قايماقنىڭ ئوتتۇرىچە ئىمپورت باھاسى 10% دىن 12% كىچە ئاشتى. بۇ يېمەكلىكلەر، ئاساسەن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن باشقا دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلىنغان. گازىر مېيى ۋە ئاق شې-

كەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىمپورت باھاسىمۇ روشەن تۆۋەنلەپ كەتمىدى .

خەلقئارا رىقابەت مېخانىزمىنى جەلپ قىلىشتا ، دۆلەت ئىچىدىكى كارخانىچىلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە قوغداش ئۈچۈن ، روسىيە ھۆكۈمىتى ئىمپورت تاموژنا باج نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش قارارىنى ماقۇللىدى ، بۇنىڭدىكى ئاشلىق ۋە يېمەكلىك ئىمپورت قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك قارار ، 1995 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئايغىچە ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئىجرا قىلىندى .

بۇنىڭدىن باشقا 1995 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئىمپورت قىلىنىدىغان بارلىق ئاشلىق ۋە يېمەكلىكلەرنىڭ قىممىتى ئاشقان يېرى 10% ئۆستۈرۈلدى ، ئالاھىدە باج 1.5% ئۆستى ، بۇ ئۇسۇل قوللىنىلغاندىن كېيىن ، 1995 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن باشلاپ بەزى ئاشلىق ۋە يېمەكلىكلەرنى ئىمپورت قىلىش مەلۇم دەرىجىدە ئازايدى ياكى توختىدى ، تۆۋەندىكى جەدۋەل بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ :

1995 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە روسىيە ئىمپورت قىلغان ھەر خىل يېمەكلىكلەر (مىڭ توننا)

| يېمەكلىك ئىسمى | 6 ـ ئاي | 7 ـ ئاي | 8 ـ ئاي | 9 ـ ئاي |
|---|---|---|---|---|
| يېڭى گۆش ۋە توڭلىتىلغان گۆش | 60 | 50 | 44 | 50 |
| يېڭىدىن توڭلىتىلغان قۇش گۆشى | 105 | 42 | 92 | 61 |
| يېڭى بېلىق ۋە توڭلىتىلغان بېلىق | 96 | 72 | 11 | 18 |
| ستىرۇس ئۆسۈملۈكلىرى | 26 | 10 | 12 | 5 |
| خام قايماق | 7.6 | 7.8 | 7.7 | 6.0 |
| گازىر مېيى | 18 | 9 | 21 | 11 |

لېكىن ، ئاشلىق ۋە يېمەكلىكنى ئىمپورت قىلىشنى چەكلەش ئۇسۇلىنى قوللانغان بولسىمۇ ، روسىيىنىڭ ئاشلىق ۋە يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىشى يەنىلا تەرەققىي قىلمىدى . روسىيە دۆلەتلىك ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە ، 1995 ـ يىلى روسىيەنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى 6 مىليارد 500 مىليون توننابولۇپ ، 1994 ـ يىلىغا قارىغاندا مەھسۇلات مىقدارى 18% تۆۋەنلەپ كەتكەن . 1995 ـ يىلى بىلەن 1994 ـ يىلنى سېلىشتۇرغاندا ،

1995 ـ يىلى كاللىنىڭ ئومۇمىي تۇياق سانى 10% ، چوشقىنىڭ 11% ، قوي ۋە ئۆچكە 23% تۆۋەنلەپ كەتكەن .

1995 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە ، روسىيىدىكى چارۋا مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغۇچى بارلىق كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە : گۆش ـ 5 مىليون 700مىڭ توننا ، 1994 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا 16%ئاز ؛ سۈت ـ 32 مىليون 900 مىڭ توننا 1994 ـ يىلىدىكىدىن 8% ئاز ، تۇخۇم ـ 26 مىليارد 400 مىليون دانە ، 1994 ـ يىلىدىكىدىن 10% ئاز . ئۆتكەن بىر نەچچە يىلدا ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى تۆۋەنلەپ كەتتى . ئاشلىق ۋە يېمەكلىكنىڭ كەم بولۇشى ، ئاساسىي جەھەتتىن ئىمپورت قىلىش ئارقىلىق تولۇقلاندى . شۇڭا ، روسىيىدە ئاشلىقنى ئىمپورت قىلىش ئۈزلۈكسىز ئاشتى . 1995 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى توققۇز ئېيىدىكىنى 1994 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىسىگە سېلىشتۇرغاندا ، روسىيىنىڭ ئاشلىق ۋە يېمەكلىك ئىمپورت قىلىش ئۈچۈن كەتكەن ئومۇمىي پۇلى 1 مىليارد 400 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئاشتى .

ئاشلىق ۋە يېمەكلىكنى ئىمپورت قىلىش ، دۆلەت ئىچىدىكى يېمەكلىك بازىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە پارچە سېتىش باھاسىنىڭ ئۆرلىشىنى كونترول قىلىشتىكى مۇھىم ئامىل . شۇڭا روسىيىدە پارچە سېتىلىدىغان ئاشلىقنىڭ 40% دىن كۆپرەكى ئىمپورت قىلىنماقتا . ھازىر ئىمپورت قىلىنغان گۆش ۋە گۆش مەھسۇلاتلىرى ئەسلىدىكى ئومۇمىي مىقداردىن 20% كۆپ ، سۈت ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرى 10% كۆپ . بۇنىڭدىن ، گەرچە تاموژنا باج نىسبىتى ئۆسكەن بولسىمۇ ، لېكىن بۇ روسىيىنىڭ ئاشلىق ۋە يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتەلمىگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . چۈنكى روسىيىدە ھەر تۈرلۈك باج يىغىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇناسىۋەت زىچلىقى يېتەرلىك بولمىدى . يېمەكلىك تاموژنا باج نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش فېدېراتسىيىنىڭ خام چوتتىكى قىزىل رەقەم مەسىلىسىنى ئازايتىشقا پايدىلىق ۋە مەبلەغنىڭ تولۇقلىغۇچى سۈپىتىدە دۆلەت ئامبىرىغا كىرىشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ .

روسىيىدە باشقا ھەر تۈرلۈك باجلار يىغىۋېلىنغانلىقتىن ، يېمەكلىكنىڭ سېتىلىش باھاسى ئۆرلەپ كەتتى : روسىيە فېدېراتسىيىسى دۆلەتلىك ستاتىستىكا كومىتېتى تەمىنلىگەن سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، 1995 ـ يىلى 2 ـ پەسىلدە ، ئاشلىق ۋە يېمەكلىكنىڭ باھاسى ھەر ئايدا ئوتتۇرىچە ھېساب بىلەن 103% ئۆسكەن ، 1 ـ ۋە 2 ـ پەسىلدە گۆش ۋە گۆش مەھسۇلاتلىرى 104% ، بېلىق ۋە بېلىق مەھسۇلاتلىرى 104% ، يېمەكلىك ياغ 102% ، سۈت ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرى 103% ئۆسكەن . كۆكتات تۈرىدىكى يېمەكلىكلەرنىڭ پەسىل خاراكتېرلىك باھاسى تۆۋەنلىگەن بولۇپ ، باھانىڭ ئۆسۈش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىشتا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتتى . ئاشلىق ۋە يېمەكلىكلەر كۈندە ئىستېمال قىلىنىدىغان بولغاچقا ، ئۇنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئۆرلىشى ، تاموژنا بېجى ، قىممىتى ئاشقان باج ۋە ئالاھىدە باجنىڭ ئۆسۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ ، ئەمەلىي ئېھتىياج يېنىلا

ئازايمىدى . گەرچە باھا ئۆزلۈكسىز ئاشسىمۇ ، كىشىلەر بۇ يېمەكلىكلەرنى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا سېتىۋالدى ، ئىمپورت قىلغۇچى سودىگەرلەرمۇ داۋاملىق ئىمپورت قىلدى . ئاما ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرىدىغان ئاشلىق ۋە يېمەكلىك باھاسىنىڭ ئۆرلىشى ، باشقا تاۋارلار باھاسىنىڭمۇ ئۆرلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . ھازىر روسىيىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى دۆلەت ئىچىدىكى خەلقنىڭ ئاشلىق ۋە يېمەكلىككە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ ، ئەگەر ئىمپورت قىلىش توختىتىلسا ، يېمەكلىك يېتىشمەسلىك ۋە باھانىڭ بىر دىنلا ئۆرلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ . پۇل پاخاللىشىش سۈرئىتى ئېشىشى مۇمكىن ، بۇ تۇراقلىق ئىقتىسادىي سىياسەتكە زىت .

روسىيە بازارلىرىدىكى باھا ۋە ئىمپورت باھاسىنى تەتقىق قىلىشنىڭ نەتىجىسى ، ئاشلىق ۋە يېمەكلىكلەرنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى ، ئىمپورت قىلىنغان چاغدىكى باھانىڭ ئۆسۈش سۈرئىتىدىن تېز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى . مەسىلەن : 1995 - يىلى 1 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ، كالا گۆشىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 0.5 ھەسسە ئاشتى ، لېكىن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن باشقا دۆلەتلەردىن سېتىۋالغان گۆش تۈرلىرىنىڭ ئىمپورت باھاسى پەقەت 2% لا ئاشتى ، ئۆسۈملۈك مېيىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 0.6 ھەسسە ئاشتى ، ئىمپورت باھاسى 6% تۆۋەنلىدى ، ئاق شېكەرنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 0.7 ھەسسە ئاشتى ، ئىمپورت باھاسى 2% تۆۋەنلىدى . ئىمپورت قىلىنىدىغان يېمەكلىكلەرنىڭ سۈپەت مەسىلىسىمۇ كۈندىن - كۈنگە ناچارلاشتى .

سۈپىتى تەكشۈرۈلگەن ئىمپورت قىلىنىدىغان تاۋارلار ئىچىدە ، 1994 - يىلى ئىمپورت قىلىنغان سۈپىتى لاياقەتلىك بولمىغان قۇش گۆشى ، پىشلاق ، بېلىق گۆشى كونسېرۋاسى قاتارلىقلار 32% - 59% كە ، كولباسا ، سۈت يېمەكلىكلىرى كونسېرۋاسى ، باللار يېمەكلىكلىرى 66% - 97% كە يەتتى ، چىرايلىق ئورالغان تاۋارلار ئىستېمالچىلارنى جەلپ قىلىش كۈچىنى يوقاتتى . ھازىر ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر ئۆز دۆلىتىدە ئىشلەپچىقارغان يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالدى .

## مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ 1995 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىكى خەلق ئىگىلىكى ئەھۋالى

### 1 - سانائەت

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ 1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1994 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا 6.7% تۆۋەنلەپ كەتتى (1994 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1993 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا 27.6% تۆۋەنلىگەن ).

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ 1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى بىلەن مەھسۇلات باھاسىنى 94

- يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئەھۋالى (1 - جەدۋەلگە قارالسۇن ).

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 95 - يىلىنىڭ 5 - ئېيىدىكىگە قارىغاندا 6 - ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4% ئاشتى .

بۇ دۆلەتلەرنىڭ 95 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىكى كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى 94 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكى بىلەن سېلىشتۇرۇش پىرسەنتى (2 - جەدۋەلگە قارالسۇن ).

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ 95 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىكى كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارىنى 94 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 17% تۆۋەنلىدى

1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىكى ئاساسلىق يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش ئەھۋالىنى 94 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئەھۋالى (3 - جەدۋەلگە قارالسۇن ).

## 2 - يېزا ئىگىلىكى

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى 95 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلى 94 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىگە قارىغاندا ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەنلەپ كەتتى . گۆش 1 مىليون توننا ، كالا سۈتى 2 مىليون 900 مىڭ توننا ، تۇخۇم 3 مىليارد 100 مىليون توننا ئازايدى (4 - جەدۋەلگە قارالسۇن ).

چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى مىقدارىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ، چارۋىلارنىڭ ئازىيىپ كەتكەنلىكىدە . 95 - يىلى 6 - ئايدا 94 - يىلى 6 - ئايدىكىگە قارىغاندا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدە چارۋىلارنىڭ ئازىيىش ئەھۋالى (5 - جەدۋەلگە قارالسۇن) .

## 3 - ئاساسىي قۇرۇلۇش ئىشلىرى

1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەبلەغ مەنبەسىنىڭ سالغان مەبلىغى ئومۇمەن 99 تىرىللىئون (مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ستاتىستىكا كومىتېتى دۆلەت بانكىسى بەلگىلىگەن پېرېۋوت نىسبىتىگە ئاساسەن سۇندۇرۇپ ھېسابلىغان روسىيە رۇبلىسى ) بولدى . بۇ 94 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكى سانىنىڭ 80% ى (94 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىكى بىلەن 93 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىنى سېلىشتۇرغاندا 70%) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

مەبلەغ سېلىش جەھەتتە شەخسلەر سالغان مەبلەغ سانى 94 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىكى 58% تىن 95 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلى 63% كە ئۆستى .

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا بولۇۋالغان دۆلەتلەر چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنى ئۆز دۆلىتىگە مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىدۇ . 1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يې-

رىم يىلىدا چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار سالغان مەبلەغنىڭ ئومۇمىي مەبلەغتە ئىگىلىگەن نىسبىتى : بېلورۇسىيە ، قازاقىستان ۋە روسىيە قاتارلىق ئۈچ دۆلەتتە ئانچە زور ئەمەس (بىر پىرسەنتتىن ئىككى پىرسەنتكىچە ) ، ئۆزبېكىستاندا 18% ، قىرغىزىستاندا چەت ئەللىكلەر سالغان مەبلەغ ئومۇمىي مەبلەغ سانىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى يەنى 73% نى ئىگىلەيدۇ .

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەر 1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىغا سالغان مەبلەغ ئومۇمىي مەبلەغ سانىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 55% نى ئىگىلىدى ( 94 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلى 57% نى ئىگىلىگەنىدى) . بۇ دۆلەتلەر 95 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا ئاھالىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە تاپشۇرغان ئولتۇراق جايلار 94 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكى سەۋىيە بىلەن ئوخشاش بولدى . باشقا ئاممىۋىي ئىجتىمائىي پاراۋانلىق جامائەت سىستېما تۈرلىرى 94 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىكىگە قارىغاندا ئازىيىپ كەتتى : ئادەتتىكى مائارىپ مەكتەپلىرى 44% ، ئوقۇش يېشىدىن بۇرۇنقى بالىلارنىڭ مۇئەسسەسەلىرى 47% ، دوختۇرخانىلار 44% ، شىپاخانا ئۆسكۈنىلىرى 25% ئازىيىپ كەتتى .

1 - جەدۋەل

| دۆلەت ئىسمى | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (ئۆزگەرمەس باھاغا ئاساسەن ) (%) | ئىشلەپچىقىرىش باھاسى (ھەسسە سان) | 94 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىكى بىلەن 93 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىكىنى سېلىشتۇرۇش | |
|---|---|---|---|---|
| | | | ئىشلەپچىقىرىش باھاسى (ھەسسە سان) | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (%) |
| قازاقىستان | 84.1 | 10.8 | 18.5 | 70.6 |
| قىرغىزىستان | 82.8 | 1.5 | 6.1 | 68.2 |
| روسىيە | 97 | 3.5 | 6.6 | 76 |
| تاجىكىستان | 76.7 | 3.0 | 5.1 | 80.0 |
| تۈركمەنىستان | 80 | — | 9.1 | 66.8 |
| ئۆزبېكىستان | 93.8 | 12.0 | 10.9 | 96.0 |
| ئۇكرائىنا | 86.4 | — | 42.1 | 64 |

2 - جەدۋەل

| دۆلەت ئىسمى | كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى | يېمەكلىك | ئىسپىرتلىق ئىچىملىك | بۇنىڭ ئىچىدە: يېمەكلىكتىن باشقا كېرەكلىك بۇيۇملار | يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى | مەدەنىي تۇرمۇش بۇيۇملىرى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قازاقىستان | 52 | 55 | 53 | 46 | 33 | 54 |
| قىرغىزىستان | 69 | 75 | 106 | 58 | 51 | 71 |
| روسىيە | 87 | 87 | 115 | 85 | 65 | 90 |
| تاجىكىستان | 68 | 76 | 70 | 62 | 54 | 84 |
| تۈركمەنىستان | — | — | — | — | — | — |
| ئۆزبېكىستان | 94 | 94 | 68 | 98 | 103 | 92 |
| ئۇكرائىنا | 78 | 81 | 112 | 67 | 58 | 71 |

3 - جەدۋەل

| دۆلەت ئىسمى | ھەر خىل گەزلىمىلەر | ئىلمە توقۇلما مەھسۇلاتلىرى | پايپاق | ئاياق |
|---|---|---|---|---|
| قازاقىستان | 31 | 33 | 24 | 24 |
| قىرغىزىستان | 29 | 33 | 44 | 46 |
| روسىيە | 68 | 49 | 68 | 68 |
| تاجىكىستان | 50 | 40 | 20 | 48 |
| تۈركمەنىستان | — | — | — | — |
| ئۆزبېكىستان | 99.9 | 40 | 67 | 22 |
| ئۇكرائىنا | 47 | 39 | 66 | 53 |

4 ـ جەدۋەل

| دۆلەت ئىسمى | گۆش (مىلڭ توننا) (يېڭى گۆشنىڭ ئېغىرلىق مىقدارى بويىچە) 95 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلى | 94 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكى بىلەن % سېلىشتۇرمىسى | سۈت (مىلڭ توننا) 95 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلى | 94 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىسى بىلەن % سېلىشتۇرمىسى | تۇخۇم (مىليون دانە) 95 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلى | 94 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىسى بىلەن % سېلىشتۇرمىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قازاقىستان | 605 | 79 | 2207 | 86 | 1011 | 70 |
| قىرغىزىستان | 122 | 100.2 | 352 | 99.9 | 69 | 59 |
| روسىيە | 3708 | 85 | 20334 | 92 | 17494 | 88 |
| تاجىكىستان | 14 | 91 | 40 | 63 | 23 | 59 |
| تۈركمەنىستان | — | — | — | — | — | — |
| ئۆزبېكىستان | 351 | 101 | 1584 | 104 | 587 | 84 |
| ئۇكرائىنا | 1773 | 93 | 8770 | 94 | 5623 | 97 |
| مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن | | 87 | | 92 | | 89 |

5 ـ جەدۋەل

(6 ـئاي ، مىليون تۇياق) .

| دۆلەتلەر | مۈڭگۈزى بوغان چارۋىلار 95 ـيىلى | 94 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى بىلەن %. سېلىشتۇرمىسى | سېيىر 95 ـيىلى | 94 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى بىلەن %. سېلىشتۇرمىسى | چوشقا 95 ـيىلى | 94 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى بىلەن %. سېلىشتۇرمىسى | قوي-ئۆچكە 95 ـيىلى | 94 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى بىلەن %. سېلىشتۇرمىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قازاقىستان | 7.5 | 84 | 3.2 | 86 | 1.6 | 75 | 28.1 | 79 |
| قىرغىزىستان | 0.9 | 90 | 0.5 | 94 | 0.1 | 82 | 5.4 | 73 |
| روسىيە | 45.2 | 90 | 18.4 | 93 | 24.80 | 88 | 37.60 | 78 |
| تاجىكىستان | 0.3 | 86 | 0.1 | 89 | 0.01 | 38 | 1.3 | 95 |
| تۈركمەنىستان | — | — | — | — | — | — | — | — |
| ئۆزبېكىستان | 5.4 | 100.3 | 2.3 | 105 | 0.3 | 77 | 11.1 | 102 |
| ئۇكرائىنا | 20.0 | 90 | 7.8 | 95 | 13.0 | 88 | 5.9 | 77 |
| مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن | | 90 | | 94 | | 87 | | 81 |

# شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئىشلىرىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنىڭغا قارىتا قوللىنىلغان تەدبىرلەر

هازىر شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئىشلىرىدا ئالاھىدە كۆرۈلۈپ تۇرىۋاتقان مەسىلە، ئېكسپورت تەننەرخىنىڭ ئۆسۈشى ئادەتتىن تاشقىرى تېز، ئېكسپورتتا باج قايتۇرۇش ئۆز ۋاقتىدا بولماسلىقتىن ئىبارەت. بۇ ئاساسەن ھەر دەرىجىلىك تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ باھانى ئۆستۈرۈپ تالىشىپ سېتىۋېلىش ۋە باھانى تۆۋەنلىتىپ بەسلىشىپ سېتىش ھەركىتىنىڭ ئېغىر بولغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ھازىر شىنجاڭدىكى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن 10 سودا ئېغىزىنى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، بۇ ئېغىزلارنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە باھانى تۆۋەنلىتىپ بەسلىشىپ سېتىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن، بۇ ئەھۋال نورمال بولمىغان رىقابەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە: جۇڭگودا ھەر يىلى باھانى تۆۋەنلىتىپ بەسلىشىپ ساتقانلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان زىيان 10 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىكەن، 1995 ـ يىلىدىكى زىيان ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 8.33% نى ئىگىلىگەن، بۇ شىنجاڭنىڭ 1994 ـ يىلىدىكى يەرلىك مالىيە كىرىمىنىڭ (2مىليارد 700 مىليون) 33.33 ھەسسىگە تەڭ بولۇپ، بۇ پۇلغا 10 بەھرىمىن بانكىسىنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ كىشىنى چۆچۈتكۈدەك غايەت زور زىيان خاتا رىقابەتنى داۋاملاشتۇرساق، زىيان تارتىپ يۈرسەك بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. كۈچلۈك چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مالىيە مەنبەسىنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى كونترول قىلىشتا تۆۋەندىكىدەك تەدبىرلەرنى قوللىنىشىمىز كېرەك:

1 ـ قانۇن ـ قائىدە تۈزۈملەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇپ تەشۋىق قىلىپ، بارلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇن تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز ۋە قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشىمىز كېرەك. ھەر خىل تەشۋىقات ئۇسۇللىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشقى سودا قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاموژنا قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تاموژنىسىنىڭ ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنىڭ باھاسىنى تەكشۈرۈشتىكى ۋاقىتلىق چارىسى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نورمال بولمىغان رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنى»، «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى»، «تاۋار تەكشۈرۈش قانۇنى»، «تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش تەدبىرى»، «بانكا قانۇنى» ۋە «پۇل قانۇنى» قاتارلىق قانۇن ـ قائىدىلەرنى تەشۋىق قىلىش كېرەك.

2 ـ گېزىت، ژۇرنال ۋە تېلېۋىزورلاردىن پايدىلىنىپ قانۇن ـ قائىدە بىلىملىرىنى لېكسىيە قىلىپ، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، قانۇن ـ قائىدە بىلىملىرى توغرىسىدىكى زېھىن سىناش مۇسابىقىسى، مۇكاپاتلىق ماقالە سىناش مۇسابىقىسى، مۇكاپاتلىق ماقالە توپلاش مۇسابىقىسى قاتارلىقلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، قانۇن بىلىملىرىنىڭ روشەنلىشىش ۋە چوڭقۇرلىشىش دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش؛ قىسقا ۋاقىتلىق بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرىنى ئېچىپ بۇنىڭغا تاشقى ئىقتىسادىي سودا كارخانىلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى، كەسپىي خادىملارنى، مالىيە خادىملىرىنى ۋە باشقا كارخانىلاردىكى مۇناسىۋەتلىك كەسپىي خادىملارنى قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارنى قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇننى بىلىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش ۋە قانۇننى ئىشلىتىشكە

باشلامچىلىق قىلدۇرۇش كېرەك . كارخانىلار
ئاگلىق هالدا « تايىنىدىغان قانۇن بولۇش ، هەر
قانداق ئىشتا قانۇنغا تايىنىش ، قانۇننى قاتتىق
ئىجرا قىلىش ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى
سۈرۈشتۈرۈش » تەك سوتسىيالىستىك قانۇن -
تۈزۈمنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئىجرا قىلىشى كې-
رەك .

3 - يەرلىك سودىگەرلەر جەمئىيىتىنى
قۇرۇش ياكى يەرلىك چېگرا سودا ساھەسىدىكى
سودىگەرلەر جەمئىيىتىنى قۇرۇش . بۇ جەمئىيەت-
لەرنى قۇرغاندا ئىمپورت - ئېكسپورت تاۋارلى-
رىنىڭ باھاسىنى ، بازار خېرىدارلىرىنى بىر تۇ-
تاش ماسلاشتۇرۇپ ، خەلق تەشكىلى شەكلى
ئارقىلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرغىلى بولىدۇ .
بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ،
يېتەكلەش ۋە مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆز
ئۈستىگە ئېلىپ ، يەرلىك چېگرا سودا ئىقتىساد-
نىڭ ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت .

4 - هۆكۈمەت ئورۇنلىرى ماكرو جە-
ھەتتە ئۈنۈملۈك كونترول قىلىشنى يولغا قويۇ-
شى ، سىياسەت جەھەتتە يېتەكلىشى ، ياخشى
تاشقى سودا مۇھىتىنى يارىتىپ ، ئادىل رىقابەت-
لىشىشتەك ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈشى
كېرەك .

5 - قىسقا ۋاقىتلىق تىجارەت قىلىشنى
تۈگىتىش . تاموژنا تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ
ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلىرىنى سېتىشتىكى
باھاسىنى چوقۇم « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى
تاموژنىسىنىڭ ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلار-
نىڭ باھاسىنى تەكشۈرۈشتىكى ۋاقىتلىق چارى-
سى » نىڭ ئىككىنچى ماددىسىغا ئاساسەن ئىجرا
قىلىش ، ئىككىنچى ماددىسىدىكىدىن تۆۋەن بول-
غان ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ پۇلىنى سەككى-
زىنچى ماددىغا ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىش ياكى
ئىقتىسادىي جەھەتتىن جازالاش ، ئېغىرراقلىرىنى
قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك .

6 - بىرلىكتە تىجارەت قىلىش . تاشقى
سودا كارخانىلىرى گۇرۇھلىشىش ، دائىرىلىشىش ،
كۆپ مەنبەلىشىش ، خەلقئارالىشىش ۋە ئۈنۈملى-
شىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشى ، خۇددى ياپونى-
يىدىكى كارخانىلارغا ئوخشاش مۇناسىۋەتنى
كۈچەيتىشى ، مۇستەھكەم تەشكىللەنگەن بو-
لۇشى ، بىردەك سىرتقا يۈزلىنىشى كېرەك . ئىنى-
چىكە ھېساب قىلىش ، ئۈنۈمگە كاپالەتلىك قى-
لىش ، سىرتقا سېتىلىدىغان تاۋارلارنىڭ باھاسىنى
مۇۋاپىق كۆتۈرۈش ، سېتىۋېلىش باھاسىنى تۆ-
ۋەنلىتىش ، مەبلەغ ئوبورتىنى تېزلىتىش ، ھەر
خىل خىراجەتنى ئازايتىش ، بۇ ئارقىلىق جۇڭخۇا
ئېلىنى گۈللەندۈرۈش كېرەك .

# ئۆزبېكىستاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىقتىسادىي ئورنى

نۆۋەتتە ئۆزبېكىستاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى
ئىقتىسادىي ئورنى توغرىسىدا ھەر خىل كۆز
قاراش بار.

تۆۋەندە بىر قىسىم سانلىق مەلۇمات ئار-
قىلىق ئۆزبېكىستاننىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىر-
لەشمىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى خەلق
ئىگىلىكى ئومۇمىي قۇرۇلمىسىدا ئىگىلىگەن نىس-
بىتىنى كۆرۈپ باقايلى .

ئۆزبېكىستاندا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ
39% ئەمگەك كۈچى بايلىقى مەركەزلەشكەن بو-
لۇپ ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە
39% نى ئىگىلەيدۇ . 1994 - يىلى ئۆزبېكىستان-

نىڭ نوپۇسى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى نوپۇسىنىڭ 41% نى ئىگىلەيدۇ ، ئۇنىڭ ئىچىدە شەھەر نوپۇسى 36% ، يېزا نوپۇسى 45% . 1994 ـ يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ مىللىي دارامىتى (ھازىرقى باھا) ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى مىللىي دارامەتنىڭ 32% نى ئىگىلەيدۇ ، مىللىي دارامەتنىڭ 28% ى ئىستېمال ۋە ئامانەتكە ئىشلىتىلىدۇ .

ئۆزبېكىستانغا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ 31% مۇقىم مەبلىغى توپلانغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى 30% نى ، غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى 32% ، پايدا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى پايدا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 26% نى ئىگىلەيدۇ . سانائەت مەھسۇلاتى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى سانائەت مەھسۇلاتىنىڭ 33% نى ئىگىلەيدۇ . ئۇنىڭ ئىچىدە خېلى كۆپ قىسمى ئاممىباپ ئىستېمال بۇيۇملىرى بولۇپ يېمەكلىك 26% نى ، ھاراق تۈرىدىكى مەھسۇلاتلار 33% نى ، ئاشلىق 38% نى ئىگىلەيدۇ . يېنىك سانائەت مەھسۇلاتى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى يېنىك سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ 38% نى ئىگىلەيدۇ . ئۆزبېكىستان دېھقانچىلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نىسبىتى 38% بولۇپ ئۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق زىرائىتى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا 42% نى ، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتى 20% نى ئىگىلەيدۇ . ئۆزبېكىستاننىڭ مەبلەغ سوممىسى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئومۇمىي مەبلەغ سوممىسىنىڭ 30% نى ئىگىلەيدۇ . ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ئولتۇراق ئۆي ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 47% نى ئىگىلەيدۇ . ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قاتناش ترانسپورتىدا ئۆزبېكىستاننىڭ يۈك توشۇش مىقدارى 26% نى ، يولۇچى توشۇش مىقدارى 38% نى ئىگىلەيدۇ .

ئۆزبېكىستاننىڭ دۆلەت ھەمكارلىق سودىسىدىكى پارچە سېتىلىدىغان تاۋارلارنىڭ ئوبوروت سوممىسى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى سودا سوممىسىنىڭ 36% نى ، ئاھالىلارنىڭ مائاشى 33% نى ، ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ سانى 46% ، دوختۇرلارنىڭ سانى 40% نى ، دوختۇرخانا 40% نى ، ئاممىۋى كۈتۈپخانا 35% نى ، كىنو قويۇش ئەسلىھەلىرى 29% نى ئىگىلەيدۇ .

ھازىر ، بۇ سانلىق مەلۇماتلار ئۆزبېكىستاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تايانچ ئورنىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ ، ئۆزبېكىستاننىڭ ئۆزىدە يەنە مەسىلىلەر مەۋجۇت . ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا : ئۆزبېكىستاننىڭ ئىمپورت تاۋارلىرىنىڭ مىقدارى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئومۇمىي ئىمپورت مىقدارىنىڭ 58% نى ، ئېكسپورت بولسا ئاران 34% نى ئىگىلەيدۇ . ئەمگەك كۈچى بايلىقىنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىمۇ ناھايىتى مۇرەككەپ . بىزگە مەلۇم ، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە ئۇششاق دېھقانچىلىق ئەمگەك كۈچى بايلىقىدىن پايدىلىنىش ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ . بۇ دۆلەتلەردە كۆپلىگەن كىشىلەر مەخسۇس تارماقلار ياكى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىغا پايدىلىق يەرلەرگە تەكلىپ قىلىنىپ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى شەكىللەندۈرمەكتە . ئۆزبېكىستاندا دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر ئەمگەك كۈچى ئومۇمىي سانىنىڭ 43% نى ئىگىلەيدۇ . مانا بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى ، بۇ دۆلەتنىڭ ئىگىلىكى ئەمگەك زىچ بولۇشتەك خاراكتېرنى ئالغان بولۇپ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى ناھايىتى تۆۋەن . ياپونىيىدە بولسا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر پەقەت 7% نى ئىگىلەيدۇ .

ياپونىيە ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۆزبېكىستاندا سانائەت ، بىناكارلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنىڭ سانى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 34% ، 26% ، 15% ، قاتناش ، پوچتا ـ تې-

لېگراق ، سودا ، ئاممىۋى يېمەك – ئىچمەك ، ماددىي تېخنىكا بىلەن تەمىنلەش ، سېتىش ۋە قېزىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ سانى ئايرىم – ئايرىم ھالدا 22% ، 7% ۋە 6% ، ئىجتىمائىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ سانى ئايرىم – ئايرىم ھالدا 31% ، 24% ۋە 32% .

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ئۆزبېكىستان ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن .

# قاناس كۆلى رايونىنى ھەمكارلىشىپ ئېچىش ۋە غەربىي شىمالىي ئاسىيادىكى تۆت دۆلەتنىڭ ئىقتىساد سودا ھەمكارلىقى توغرىسىدا

قاناس كۆلى رايونى بۇرچىن ناھىيىسى تەۋەسىدە بولۇپ شىمالدا قازاقىستان ۋە روسىيىگە ، شەرقتە مۇڭغۇلىيىگە ، غەربتە قابا ناھىيىسىگە تۇتىشىدۇ . بۇ رايوندا تەبىئىي بايلىق مەنبەسى مول . قاناس كۆلى رايونى سىبىرىيە ھايۋاناتلىرى ۋە ئۆسۈملۈكلىرى تۈرلىرىنىڭ مەملىكىتىمىزگىچە تارقالغان ۋەكىللىك رايونىدۇر .

بۇ رايون ئېكولوگىيە سىستېمىسى ئالاھىدە قىممەتلىك ياۋايى ھايۋانلار ، ئۆسۈملۈكلەر مەركەزلىك جايلاشقان تەبىئىي گېن ئامبىرى ھېسابلىنىدۇ . گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىسى ، سىرلىق بولغان « كۆل مەخلۇقىنىڭ سىرى » ، قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى قىممەتلىك ساياھەت بايلىقلىرىدۇر .

جۇڭگو ، روسىيە قاناس ئېغىزى ناھايىتى ئىستىقباللىق ئېغىز . ئۇ جۇڭگو ، روسىيە چېگرا سىزىقىنىڭ شىنجاڭ بۆلۈكىگە ، بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ ئەڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان . شەرقتە جۇڭگو ، روسىيە ، مۇڭغۇلىيە ئۈچ دۆلەت تۇتاشقان نۇقتا – كۈيتۇڭ تېغىدىن باشلىنىپ ، ئەڭ شىمالدىكى ئۇچبۇلۇڭ بەلباغدا روسىيە بىلەن 54 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئورتاق چېگرا سىزىقىنى ھاسىل قىلىدۇ . ئېغىزنىڭ بۇرچىن ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 230 كىلومېتىر ، قابا ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 209 كىلومېتىر ، ئالتاي شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 270 كىلومېتىر كېلىدۇ .

ھازىر ، تەبىئىي مەنزىرىلىك رايون دەپ ئاتالغان قاناس كۆلى بارغانسېرى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتماقتا . « جۇڭگونىڭ 21 – ئەسىر كۈن تەرتىپىدىكى ئاۋال ئورۇنلىنىدىغان تۈرلەر پىلانى» دىكى 7 – دىن 8 – گىچە بولغان « جۇڭگو ، روسىيە ، قازاقىستان ، مۇڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى قاناس كۆلى رايونىنى ھەمكارلىشىپ ئېچىش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى » ( باشقىچە ئاتىلىشى « ئالتاي تېغى رايونىدىكى غەربىي شىمالىي ئاسىيا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق چەمبىرىكى ») تۈرىدە ، ئۇ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى تېخى ئېچىلمىغان بىر پارچە گۆھەر زېمىنى دەپ كۆرسىتىلدى . بولۇپمۇ ھازىر ياكى كېيىنكى ئەسىردە مەركەزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ قەدەممۇ قەدەم غەربىي رايونلارغا يۆتكىلىشىدەك يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا ، ئۇ ئۆزىنىڭ رولىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە نامايان قىلىدۇ .

قاناس ئېغىزى 21 – ئەسىردىكى غەربىي شىمالىي ئاسىيا ئىقتىسادىي رايونىنىڭ مەركىزى . بۇ يەردە تەبىئىي بايلىق ئىنتايىن مول بولۇپ ، سېترېئولوق خەزىنە دېگەن نامى بار . كۆلىمى

چوڭ ، ئوتلاقلىرى بىپايان ، سۇ بايلىقى ، ياغاچ ئورمىنى بايلىقى ، كان مەھسۇلاتلىرىدىن رەڭلىك مېتال ، مىكرو ئېلېمېنتلارنىڭ زاپاس مىقدارى ناھايىتى كۆپ بولۇپ ، دۇنيادا ئۆزىگە خاس ئورۇن تۇتىدۇ . بۇ رايوندا تۇتاشقان تۆت دۆلەت ئىقتىسادىي جەھەتتە ناھايىتى زور دەرىجىدە بىر - بىرىنى تولۇقلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە . جۇڭگو ، مۇڭغۇلىيىنىڭ ئىككىسىلا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت بولۇپ ، بايلىق مەنبەسى ئۈستۈنلۈكىگە ۋە ئەمگەك كۈچى بايلىقى ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە . جۇڭگو قازاقىستان ، مۇڭغۇلىيىلەرنىڭ بايلىق مەنبەسى ئىنتايىن مول ، چارۋىچىلىقى ناھايىتى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ . روسىيە بىلەن قازاقىستاننىڭ ناھايىتى ياخشى ئۇل مۇئەسسەسەلىرى ۋە مەلۇم سانائەت ئاساسى بار . تېخنىكا ، كەسىپ قۇرۇلمىسى ، باشقۇرۇش سەۋىيىسىدە نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلىرى بار لېكىن ئەمگەك كۈچى ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل .

ئەگەر مەبلەغ ۋە ئىلغار تېخنىكا بىلەن بۇ رايونغا كىرسە ، ئۇنداقتا جۇڭگو بىلەن بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان ، ئۆز ئارا ئالماشتۇرىدىغان ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ۋە قوشنىلار ئارا ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ، ئۆز ئارا چۈشىنىشنى ئاساسىي شەكىل قىلغان ئىككى تەرەپلىك ياكى كۆپ تەرەپلىك سودىنى راۋاجلاندۇرۇپ ، پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بولغان غەربىي شىمالىي ئاسىيادىكى تۆت دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى « تۆت بۇلۇڭ بەلباغ »نى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ .

قاناس كۆلى رايونىنىڭ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى شۇنچىلىك تارتىشىنىڭ سەۋەبى ، بۇ رايوننىڭ تەبىئىي مەنزىرىسىنىڭ گۈزەل ۋە تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرىنىڭ مول بولۇشى ۋە بىر قەدەر كۆڭۈلدىكىدەك بولغان ئىقتىسادىي سودا تەرەققىيات ئاساسىنى ياراتقانلىقىلا بولۇپ قالماي ، يەنە سەل قاراشقا بولمايدىغان شۇنداق بىر تەرەپ باركى ، جۇڭگو ، روسىيە قاناس ئېغىزىنىڭ ئېچىلىشى ، جۇڭگو ، روسىيە ئېغىزى ئارقىلىق ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ ئىقتىساد سودا تېخنىكا ھەمكارلىقىنى كېڭەيتىشتۇر . ھازىر جۇڭگو - قازاقىستان ، قازاقىستان - روسىيە ، روسىيە - مۇڭغۇلىيە ، موڭغۇلىيە - جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا سودا يولى بار ، پەقەت جۇڭگو - روسىيىنىڭلا سودا يولى يوق . جۇڭگو ، روسىيە ئېغىزى ئېچىلىپلا قالسا ، بۇ رايوننىڭ ياۋروپا - ئاسىيا ئىككى چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى ئوتتۇرىسىدىكى قوش قەۋەت رايون ئىقتىسادنى ئېچىشنى قانات يايدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، شۇ ئارقىلىق غەربىي شىمالىي ئاسىيادىكى تۆت دۆلەتنىڭ چېگرىلاشقان رايونىدا ئىقتىساد ، سودا تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرگىلى بولىدۇ .

قاناس رايونىدا موڭغۇل ، قازاق ، خۇيزۇ قاتارلىق ئاھالىلار ئولتۇراقلاشقان . ئاددىي - ساددا مىللىي ئۆرپ - ئادەت ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بايرام ، كۆچكۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى كىشىلەرنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرغان . موڭغۇل مىللىتىنىڭ تارماق سىستېمىسى بولغان تۇۋالارنىڭ تىلىدا قەدىمىي تۈركىي تىل پارچىلىنىشتىن ئىلگىرىكى نۇرغۇن تىل ئۇرغۇلىرى ساقلىنىپ قالغان . بۇنىڭدىن تاشقىرى ، يەنە قەدىمىي تاش ئويمىلار ، قىيا تاش رەسىملىرى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلار بار . 1994 - يىلى 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ، دېڭىز يۈزىدىن 2500 مېتر ئېگىزلىكتىكى ئالتاي تېغى ئورمانلىقىدىكى ئوتلاقتا ، جۇڭگو - روسىيە چېگرا سىم توسىقىنىڭ روسىيە تەرەپتىكى 9 مېتر ئورۇندا ، يەر ئاستى بەش مېتر چوڭقۇرلۇقتىكى مۇزلۇق تۇپراقتىن بىر غايەت چوڭ مۇز پارچىسى قېزىۋېلىندى . مۇز پارچىسىنىڭ ئىچىدە 2000 يىل ئىلگىرىكى يېپەك كىيىم كىيگەن گۈزەل ياش ئايال

بولۇپ، بۇ « مۇز گۈزىلى » نىڭ قېزىۋېلىنىشى غەرب ئىلىم ساھەسى ۋە ئاخبارات ساھەسىنى زىلزىلىگە سالدى.

قاناس رايونىدا جۇڭگونىڭ قىممەتلىك سىبىرىيە تايگا ئورمىنى تارقالغان. قاناس تەبىئىي قوغداش رايونى بولسا جۇڭگونىڭ بىردىنبىر ياۋروپا – سىبىرىيە تايگا ئورمىنى تەبىئىي قوغداش رايونى. بۇ رايون 1980 – يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن قۇرۇلدى. 1986 – يىلى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي قوغدىلىدىغان رايون دەپ تەستىقلاندى.

قاناس رايونى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالدىكى بىردىنبىر تولۇق ئېچىلمىغان باي رايون. ئېچىشقا بولىدىغان سۇ ئېنېرگىيىسى بايلىقى 25 مىليون كىلوۋاتقا، ئېلىق ئېقىشقا بولىدىغان سۇ كۆلىمى 1 مىليون 840 مىڭ موغا يېتىدۇ. پۈتۈن يىل ياشىرىپ تۇرىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 160 مىليون مو بولۇپ، پايدىلىنىشقا بولىدىغىنى 108 مىليون موغا يېتىدۇ. ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 3 مىليون 900 مىڭ تۇياق مال باققىلى بولىدۇ. تېرىلغۇ مەيدانى 16 مىليون مو بولۇپ، ھازىر ئاران 2 مىليون 830 مىڭ موسى ئېچىلىپ پايدىلىنىلغان. تاغ رايونى ئورمىنىنىڭ كۆلىمى 10 مىليون 310 مىڭ موغا، ئىشلەتكىلى بولىدىغان ئورمان زاپاس مىقدارى 91 مىليون 110 مىڭ كۇب مېترغا يېتىدۇ. ئالتاي تېغى رايونىدا كان بايلىقلىرى مول بولۇپ، بايقالغان 11 تۈردىكى 84 خىل كان مەھسۇلاتى ئىچىدە ئۈچ خىلىنىڭ زاپاس مىقدارى مەملىكەت بويىچە 1 – ئورۇننى، 12 خىلىنىڭ بولسا مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى 10 – ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭدا ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلەيدىغىنىدىن 21 خىلى بار. 41 خىل كان مەھسۇلاتىنىڭ زاپاس مىقدارى يوشۇرۇن قىممىتىنىڭ 56 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يېتىدىغانلىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. ھازىر ئۇلارنىڭ پايدىلىنىش نىسبىتى 2% كىمۇ يەتمەيدۇ.

جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدا روسىيە بىلەن تۇتىشىدىغان 54 كىلومېترلىق بىردىنبىر چېگرا سىزىقى قاناس كۆلىگە 80 كىلومېتر، ئالتاي مەركىزىگە 480 كىلومېتر، تۇۋا جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزىگە 526 كىلومېتر، يېڭى سىبىرىيە شەھىرىگە 720 كىلومېتر كېلىدۇ. روسىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئىككى چېگرا رايون، يەتتە ئوبلاست، ئۈچ ئاپتونوم رېسپوبلىكا رايونىغا يېقىن. بۇ رايوننىڭ تەبىئىي بايلىقى مول، شارائىتى ياخشى، قاتنىشى قولايلىق، سۇ، ھاۋا، تۆمۈر يول، تاشيول ترانسپورتى راۋان، ئېغىر سانائەت مۇئەسسەسەلىرى مۇكەممەل، كانچىلىق، ياقۇت، رەڭلىك مېتال، مىكرو ئېلېمېنتلار، قارا مېتال، ئېنېرگىيە پىششىقلاش، نېفىت، كۆمۈر، ماشىنىسازلىق، خىمىيە سانائىتى، مېتاللورگىيە سانائىتى تەرەققىي قىلغان، ئىقتىسادىي كۈچى باشقا ھەر قانداق تارماقتىن كۈچلۈك. شۇنداقلا، ئۇ يېقىندىن گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىۋاتقان رايون بولۇپ، ئىلىم – پەن سەۋىيىسى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ بىر قەدەر يۇقىرى.

روسىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ يېرى كەڭ، ئادىمى شالاڭ، ئۇ يەرگە روسىيىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسىم ئېغىر سانائىتى مەركەزلەشكەن، بايلىقى ئىنتايىن مول. قاتناش ئورنى سەۋەبىدىن دېڭىزغا چىقىش ئېغىزلىرىغا يىراق. قازاقىستان دۇنيادا دېڭىزغا چىقىش ئېغىزى بولمىغان ئەڭ چوڭ دۆلەت. تۆت دۆلەت تۇتاشقان رايوننىڭ ياۋروپادىكى تەرەققىي تاپقان رايونلار بىلەن بولغان ئارىلىقى يىراق. روسىيە بىلەن تۇتىشىدىغان قازاقىستان، موڭغۇلىيىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى روسىيىگە يەتمەيدۇ. شۇڭلاشقا روسىيە جۇڭگونىڭ شىنجاڭ بىلەن ئىقتىساد – سودا مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، بىر سودا

يولى ئېچىپ ، ئارىلىقنى قىسقارتىپ ، ئۆتۈمنى
ئۆستۈرۈپ ، بۇ رايون ئىقتىسادىدىكى بىر - بىـ
رىنى تولۇقلاشنى كۈچەيتىپ ، رايونلاشقان ئىق-
تىساد ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇشنى تولىمۇ
ئۈمىد قىلىدۇ .

1992 - يىلى 7 - ئايدا ۋىلايەتلىك مە-
مۇرىي مەھكىمە يېرىم ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ
جۇڭگو ، روسىيە سودا ئالماشتۇرۇش ئېغىزلىرىنى
تەكشۈردى .

قازاقىستان - روسىيە ، روسىيە - موڭ-
غۇلىيە ، موڭغۇلىيە - جۇڭگو دۆلەتلىرىنىڭ را-
يون سودىسى تەرەققىياتى رايوننى ئېچىشنى يې-
تەكلەش ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى
سۈرۈشتىمۇ ئاكتىپ رول ئوينايدۇ . نەق مەيداننى
تەكشۈرۈش ئارقىلىق جۇڭگو ، روسىيە قاناس
ئېغىزىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ، يەر شەكلى ،
كىلىمات شارائىتى جەھەتتىن قونجىراپ ئېغىزى ،
چوقان چېگرا ئېغىزىدىن ياخشى ئىكەنلىكى ئىس-
پاتلاندى . يېقىندا جۇڭگو بېيجىڭ - ئۈرۈمچى
- يېڭى سىبىرىيە - موسكۋا خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە
لىنىيىسىنى ئاچتى . جۇڭگو ، روسىيە ئىككى دۆ-
لەت ئېغىزىنى ئېچىپ ، بىۋاسىتە سودىنى يولغا
قويۇش ئاپتونوم رايون ، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ھەتتا
غەربىي شىمالدىكى ئۆلكە ، ئاپتونوم رايونلارنىڭ
ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ، روسىيىنىڭ
ئوتتۇرا قىسىم رايونلىرىدا جۇڭگو ، روسىيە سو-
دىسىنى قانات يايدۇرۇشقا ئىنتايىن پايدىلىق .
جۇڭگو - قازاقىستان ، قاناس ئېغىزىدا بىۋاسىتە
سودا يولغا قويۇلسا ئۇ مۇقەررەر يوسۇندا شىنجاڭ
ۋە غەربىي شىمال رايونىنىڭ مۇھىم ئېغىزىغا ئاي-
لىنىدۇ . بۇ سودا يولىنىڭ ئېچىلىشى قاناس رايو-
نىنى ھەمكارلىشىپ ئېچىش ، شۇنداقلا ، ئۆلكە
قۇرۇلۇشى ۋە جۇڭگونىڭ غەربىي قىسىم رايونلى-
رىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى ، غەربىي شىمال
ئاسىيادىكى تۆت دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي چەمبىر-
كىنى قۇرۇشقا مۇقەررەر ھالدا ئاساس ئورنىتىپ ،
ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ .

قاناس رايونىنى ئېچىش يېقىنقى يىللار-
دىن بۇيان بارغانسېرى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ
كەڭ كۆلەمدە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە دىققىتىنى
قوزغىماقتا . 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 90 -
يىللارنىڭ باشلىرىغىچە خەلقئارادىكى نۇرغۇن
دوستلار ، مۇتەخەسسىس - ئالىملار خەلقئارا
ئىقتىسادنى رايون دائىرىسىدە ھەمكارلىشىپ ئې-
چىشتىن ئىبارەت چوڭ ئارقا كۆرۈنۈشنى چىقىش
قىلىپ قاناس رايونىنى تەكشۈردى . 1993 - يىلى
10 - ئايدا دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ
مۇدىرى يولداش سۇڭ جيەن قاناس رايونىنى
تەكشۈرۈپ ، «قوغداش ، ئېچىش ، پايدىلىنىش »
فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى ، ئۇ يەنە چوڭ ئۆت-
كەلگە ھۇجۇم قىلىپ ، قاناسنى پۈتۈن دۇنياغا
ئېچىۋېتىش كېرەك ، بۇ شىمالىي شىنجاڭنى
سىرتقا ئېچىۋېتىشتىكى ناھايىتى ئۈنۈملۈك تەد-
بىر ، بۇ ئارقىلىق ئالاقىلىشىش ئۇل مۇئەسسەسە ،
قاتناش ، ترانسپورت ۋە چېگرا سودىسى تەرەققى-
ياتىغا ، ئالتاينى تولۇق ئېچىۋېتىشكە زور پايدىسى
بار ، دېدى . ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا
كومىتېتى ، ئورمانچىلىق نازارىتى ، ساياھەتچىلىك
ئىدارىسى ، مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى 1993 -
يىلى 12 - ئايدا قاناس كۆلىنى قوغداش ، ئې-
چىش ، پايدىلىنىش پىلانى تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇ-
رىغا قويدى . ۋىلايەت ، ئاپتونوم رايون رەھبەر-
لىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەر قاناس رايونىنى ئې-
چىشنى كۆپ قېتىم تەتقىق قىلدى ، مۇزاكىرە
قىلدى . ئۇ 21 - ئەسىردە تەرەققىي قىلدۇرۇلى-
دىغان يوشۇرۇن قىممەتكە ئىگە جاي . ئەگەر
خەلقئارا ياردەم بېرىش پىلانى ئورنىغا كىرگۈ-
زۈلسە ، تۆت دۆلەت بىرلىكتە قاناس كۆلى رايو-
نىنى ئېچىش توغرىسىدا بىر پارچە كېلىشىم
ئىمزالىسا ( ھازىر تېخى تۆت دۆلەت كېلىشىمى

يوق ) ، بۇ رايوننى ئېچىشنى بوّسوّش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەتكىلى بولىدۇ . بۇ رايوننى ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتى يېڭى زېللاندىيە مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكشۈرۈشكە تەكلىپ قىلىپ ، سۆھبەت ئۆتكۈزدى ۋە نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى . بۇ ، مۇقەررەر يوسۇندا مەزكۇر رايوننى ئېچىشنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پىشىپ يېتىلىشكە يۈزلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ .

**قاناس كۆلى رايوننى ئېچىشنىڭ ستراتېگىيىلىك يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە پرىنسىپى**

قاناس كۆلى رايوننى ئېچىش دۆلەتنىڭ ئالدىنقى باسقۇچتىكى ماسلاشتۇرۇشى ، رەھبەرلىك ۋە ھەر قايسى تارماقلارنىڭ زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا شىنجاڭ ، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان تەسەۋۋۇرى ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشىپ قاناس رايوننى ئۇنىۋېرسال ئېچىشتا ئۇمۇمىيۈزلۈك ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ، بۇ رايوننى ھەمكارلىشىپ ئېچىش ستراتېگىيىلىك ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇش كېرەك . قاناس كۆلى رايوننى ھەمكارلىشىپ ئېچىش خەلقئارالىق يول ياساشتىن ئىبارەت ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا ، ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ شۇ ئارقىلىق بايلىق ، تېخنىكا ، ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئېقىشى ۋە توپلىنىشىنى تېزلىتىپ ، يەرلىك ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشىنى تىزلەتكىلى بولىدۇ . قاناس كۆلىنى دۇنياۋى سەۋىيىدىكى داڭلىق سەيلىگاھ ، يۇقىرى سەۋىيىدىكى تەبىئىي قوغدىلىدىغان رايون ، سوغۇق ، مۆتىدىل بەلباغ ھايۋانلىرى ۋە ئۆسۈملۈكلىرىنى تەكشۈرۈش تەتقىق قىلىش بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ رايونلىشىشىغا ، تەرەققىي قىلىشىغا غەربىي شىمالىي ئاسىيادىكى تۆت دۆلەتنىڭ رايون ھەمكارلىقى تۈرلىرىنىڭ كۆنسېرى ئاشكارىلىنىشىغا دىققەت قىلىش ، 21 - ئەسىردىكى پايدىلىق تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش . دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ ، جۇڭگو ، قازاقىستان قاناس كۆلى ئېغىزىدا سودا ئالماشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ، ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش شۇ ئارقىلىق شىنجاڭ ئالتاي ۋىلايىتىنى غەربىي شىمال قىسمىدىكى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن كۆزنەككە ئايلاندۇرۇپ ، خەلقئارا ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ ، قاناس رايوننى غەربىي شىمالىي ئاسىيانىڭ ساياھەتچىلىك ، سودا ، ھەمكارلىق ، ئادەم ۋە ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇش تۈگۈنى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم .

**بۇ رايوننى ئېچىشتا بەلگىلىگەن ئاساسىي پرىنسىپلار**

1 . بىر تۇتاش پىلانلاپ ، ئۆزىنى ئاساس قىلىپ ئېچىپ ، تېخنىكا ھەمكارلىقىنى ئاكتىپ ئېلىپ بېرىپ ۋە ئىلگىرى سۈرۈپ ، بىرلىشىپ ئېچىپ ، ئورتاق گۈللىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش .

2 . قوللاش ، تىرىشىش ، قاتنىشىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق قاناس رايوننى ئۇنىۋېرسال ئېچىشتا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ ، ئۇنى خەلقئارالىق ئېچىش پىلانىغا كىرگۈزۈپ ، غەربىي شىمالىي ئاسىيادىكى ئالتۇن تۆت بۇرجەكنى كېيىنكى ئەسىردە خەلقئارادا تونۇلغان شادلىق سەيلىگاھ قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم .

3 . قاناس رايونى ساياھەتچىلىكنى ئېچىش ۋە جۇڭگو ، روسىيە قاناس ئېغىزىدا سودا ئالماشتۇرۇش ، ئۇنىۋېرسال ئېچىشنىڭ ھالقىلىق 1 - قەدىمى ، چوقۇم بۇ رايوننىڭ ئۇزاق مەزگىللىك پىلانىنى ، ھازىرقى ۋە كەلگۈ-

سىدىكى قىسمەن ۋە ئومۇمىي مەنپەئەتنى كۆزدە تۇتۇپ دۆلەت ئىچىدە ئېچىش بىلەن خەلقئارادا ھەمكارلىشىپ ئېچىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

4. ئاكتىپ شارائىت يارىتىپ ئېغىزنى تېزلىكتە ئېچىپ سودا ئالماشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ. پايدىلىق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي دەرھال شارائىت ھازىرلاپ قازاقىستان، روسىيە، موڭغۇلىيىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ ئېچىش سۆھبىتى ئېلىپ بېرىپ قازاقىستانغا، موڭغۇلىيىگە ئېچىۋېتىلگەن ئېغىزلاردىن پايدىلىنىپ، تۆت دۆلەتنىڭ بۇ رايوننى ئېچىش قەدىمىنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

5. قاناس رايوننى ئېچىش بىلەن مۇھىتنى قوغداشنى بىرگە ئېلىپ بېرىش، بۇ رايوننىڭ بۇلغىنىشىدىن ساقلىنىپ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش لازىم.

نۆۋەتتىكى ئاساسىي خىزمەت

1. خەلقئارادىكى ئېچىشقا ياردەم بېرىشكە ئالاقىدار تارماقلار ۋە تەشكىلىي ئاپپاراتلار بىلەن بىرلىشىپ قاناس رايونىنىڭ ستراتېگىيىلىك پىلانىنى ۋە ئۇنىۋېرسال ئېچىش ئومۇمىي پروگراممىسىنى تۈزۈپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەمكارلىشىپ ئېچىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ستراتېگىيىسى، 2010 ـ يىلىغىچە بولغان يىراق كەلگۈسى ئېچىش پىلانىنى بېكىتىپ، قاناس رايونىنى ھەمكارلىشىپ ئېچىش قۇرۇلۇشىنى تەدرىجىي ھالدا ئىلمىيلىشىش، مۇنتىزىملىشىش، قانۇنلىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

2. جۇڭگو، روسىيە ئېغىزلىرىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى، ئېغىزدا تاۋار ئالماشتۇرۇشنى پائال قولغا كەلتۈرۈش، جۇڭگو، روسىيە چېگرىسىدىكى رايونلار (ئالتاي ۋىلايىتى، ئالتاي چېگرا رايونى) ئۆز ئاپتونوم ھۆكۈمەتلىرىگە سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىگە كىرىش توغرىسىدا ئىلتىماس قىلىشى شۇ ئارقىلىق ئېغىزلارنىڭ بالدۇرراق ئېچىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

3. جۇڭگو، روسىيە، قازاقىستان، موڭغۇلىيە بىردەك تىرىشىپ، غەربىي شىمالىي ئاسىيا ئىقتىسادىي چەمبىرىكىنى ئورتاق قۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالاپ، تۆت دۆلەتنىڭ قوشنا رايونلار ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك مەمۇرى يىغىنى ئارقىلىق ھەمكارلىشىپ ئېچىش تۈرى توغرۇلۇق كېڭىشىپ ۋە تەييارلىق قىلىپ، ھازىر بار بولغان ئۈچ يولدىن پايدىلىنىپ، ترانزىت يۈك توشۇش، يولۇچى ۋە يۈك ئالاقىلىشىشنى يولغا قويۇپ، شارائىت يارىتىپ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىدىغان ۋەزىيەتنى تەييارلاش كېرەك.

4. ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى بولۇپمۇ ئالدى بىلەن قاناس كۆلىگە تۇتۇشىدىغان تاشيول قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش، قابا ئېغىزى ئېلېكتر ئىستانسى قۇرۇلسا، ئېنېرگىيە ناھايىتى زور تەرەققىياتقا ئېرىشىدۇ. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئالاقىلىشىشى پۈتۈنلەي پروگراممىلاشتۇرۇلىدۇ. نۇر كابىل ئالاقىلىشىش پات ئارىدا قۇرۇلۇش باشلايدۇ. بېيتۈن، جېمىنەي ناھىيىسى، چىڭگىل چېگرا ئېچىۋېتىلگەن رايوننىڭ تەييارلىق قۇرۇلۇشىنى باشلاپ ئالتاي ۋىلايىتى سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش سالمىقىنى كۈچەيتىشى كېرەك.

دۇنيا ئىقتىسادىدا كۆپ خىل ئايلانما گەۋدىلەر مەيدانغا كەلگەن ۋە رايون بازارلىرى كونسېرى خەلقئارالىشىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتكە، ئىقتىسادنىڭ رايونلىشىشى، گۇرۇھلىشىشى ياكى بىر گەۋدىلىشىشى بۈگۈنكى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدا مەھسۇلات، ئادەم، مەبلەغ، ئەمگەك مۇلازىمەتنى قاتارلىق تۆت جەھەتتە ئالماشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەر قايسى دۆلەتلەر ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق، را-

يۈن ئىقتىسادىنى ئالاھىدىلىك قىلغان سودا گۇرۇھلىرى، سىياسىي ئىتتىپاقنى ئاساس قىلغان سودا ئىتتىپاقلىرىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، سودا گۇرۇھلىشىش ۋەزىيىتى ئاساسەن شەكىللىنىپ بولدى. جۇڭگو، روسىيە، قازاقىستان، موڭغۇلىيە تۆت دۆلەت غەربىي شىمالىي ئاسىيا ئىقتىسادىي چەمبىرىكىنى ئېچىش ستراتېگىيىسىنى دۆلەتلەر ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ھەتتا دۇنيا دائىرىسىدىكى ئىقتىساد چەمبىرىكى قاتلىمىغا قويۇپ، بۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى ۋە ئومۇمىي گەۋدە ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئويلىشىشى، ۋە لايىھىلىشى لازىم. ئۇ قاناس رايونىنىڭ مول بايلىقى، ئەرزان ئەمگەك كۈچى ۋە يەر باھاسىنىڭ ئەرزان بولۇشى قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرى ئارقىلىق مەزكۇر رايوننىڭ تەرەققىياتى ۋە ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىدۇ.

ئابدىلىم ئېزىز (ت)

## ئۆزبېكىستان نېفىت ئىمپورت قىلىشنى توختىتىدۇ

دۇنيا بانكىسىنىڭ ئۆزبېكىستاندا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ئېلان قىلغان ئاخباراتىدا پەرەز قىلىنىشىچە: 1996 - يىلى ئۆزبېكىستان نېفىت ئىمپورت قىلىشنى توختىتىدۇ. بىر قىسىم چوڭ تىپتىكى نېفىتلىكنىڭ ئېچىلىشى، بۇخارا نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى، فەرغانە نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلۇشى ئۆزبېكىستاننىڭ روسىيە نېفىتىگە تايىنىشىنى بىكار قىلىدۇ. سۇلتان تەبىئىي گاز بازىسىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن روسىيىدىن تەبىئىي گاز ئىمپورت قىلىش توختاپ قېلىشى مۇمكىن.

## ئۆزبېكىستان تەبىئىي گازنى بېنزىننىڭ ئورنىغا ئالماشتۇردى

تەبىئىي گازنى بېنزىننىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ قاتناش قوراللىرىنىڭ يېقىلغۇسى ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقى ئەمەلىيەتتە بارا - بارا ئىسپاتلانماقتا. تەبىئىي گازنىڭ باھاسى بېنزىن باھاسىدىن تۆۋەن، تەبىئىي گاز ئىشلەتكەندە ئېكولوگىيىنىڭ بۇلغىنىشقا ئۇچرىشىنى ئازايتىپلا قالماستىن بەلكى دىۋىگاتىل ماتورنىڭ ئىشلىتىلىش مۇددىتىنى بىر ھەسسە ئۇزارتقىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، نۇرغۇن دۆلەتلەر شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە زور كۈچ بىلەن ئىلھام بەرمەكتە. ئۇلاردا تەبىئىي گازنى يېقىلغۇ قىلىدىغان ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاپتوموبىل زاۋۇتى بىر قاتار باجلاردىن كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەردە نېفىت مەھسۇلاتلىرى باھاسىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئۆرلىشى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ كۈندىن - كۈنگە ناچارلىشى يېقىلغۇ مەسىلىسىنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرىۋەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇتەخەسسىسلەر يېقىلغۇ گاز ئىشلىتىش توغرىسىدىكى تەتقىقاتقا زور دەرىجىدە قىزىقتى ھەم نۇرغۇن ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە بولدى.

مەسىلەن: ئۆزبېكىستان دۆلەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى پەن ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىلىرىنى ئۆزگەرتىش مەركىزىدىكى ئىنژېنېرلار 2010 - يىلى قاتناش قوراللىرىنىڭ

يېقىلغۇسى ئورنىغا يېقىلغۇ گاز ئىشلىتىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. پىلانىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن كۆپ مەبلەغ كېتىدۇ. ئىلىم - پەن ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىلىرىنى ئۆزگەرتىش مەركىزىنىڭ مەسئۇلى ئەنۋەر. كامىكىنىنىڭ قارىشىچە، ئەگەر بۇ تۈرنى ئۆزگەرتىشتىن ئېرىشكەن بارلىق پايدا دۆلەتكە ئىشلىتىلسە، ئۇنداقتا، دۆلەتنىڭ كۆپلەپ قەرز بېرىشى ۋە چەت ئەللەرنىڭ مەبلەغ سېلىشى ھاجەتسىز، بولىدىكەن.

ھازىر ئۆزبېكىستاندا «ئۆزبېكىستان ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش ھەسسىدارلىق شىركىتى» ئۆزگەرتىپ ئىشلەپچىقارغان، تەبىئىي گازنى يېقىلغۇ قىلىدىغان ئاپتوموبىللار ئون مىڭ دانىگە يېتىدۇ.

ئۆزبېكىستاندا ئىشلىتىلىۋاتقان گاز تۈگى يەنىلا روسىيىدە ئىشلەپچىقىرىلغىنىنى ئاساس قىلىدۇ، ئامېرىكىدا ئىشلەپچىقىرىلغىنى ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەركىزىدىكى يېقىلغۇ ئۆزگەرتىش لايىھىسىنى پىلانلىغۇچى مۇتەخەسسىسلەر ۋاقتى كەلگەندە ئۆزبېكىستاندىكى ئاپتوموبىللارغا گاز قاچىلايدىغان بارلىق پونكىتلارنىڭ ھەممىسى سىرتقا ئېچىۋېتىلىدۇ، دەپ قارايدىكەن. مۇناسىۋەتلىك ئۇسكۇنىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش «تاشكەنت دۆلەتلىك ماشىنىسازلىق زاۋۇتى» بىلەن «ماشىنا تېخنىكىلىرىنى ئۆزگەرتىش زاۋۇتى» دا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ زاۋۇتلاردا 1996 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يېقىلغۇ گاز تۈگى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ۋە گاز قاچىلاش پونكىتىدا ئىشلىتىلىدىغان كومپرېسسور ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرۇلىدۇ. مەزكۇر لا-يەنى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى يېقىلغۇ مەركىزىدىكى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ئامېرىكىدىكى بىر شىركەت بىرلىكتە تۈزۈپ چىقىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش ۋە مالىيە پىلانىنى يۈرگۈزۈش ئورگىنى يېقىندا قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. قانۇنىي فوندى 25 مىليون سومغا يېتىدىغان بۇ «تەبىئىي گاز ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈش شىركىتى» نىڭ ھەر بىر پايىنىڭ قىممىتى 1000 سومدىن يۇقىرى. پەقەت 100 مىڭ سومدىن يۇقىرى پايغا ئىگە پايچىكلار بولسىلا شىركەتنىڭ خۇسۇسىي مەبلىغىدىن قەرز پۇلغا ئېرىشىپ شۇنىڭ ياردىمى بىلەن ئاپتوموبىل زاۋۇتىنى ئۆزگەرتىش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ.

ئۆز بېكىستان پەن - تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش مەركىزىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش كۆلىمى: 2010 - يىلغا بارغاندا 250 مىڭ دانە قاتناش قوراللىرى ئۆزگەرتىپ قوراشتۇرۇلىدۇ. يېقىلغۇ گاز ئىشلىتىدىغان ھەر بىر يۈك كۆتۈرۈش ماشىنىسىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن 50 مىڭ سوم كېتىدۇ، ئەكسىچە 50 ماشىنىغا يېقىلغۇ قاچىلايدىغان يېقىلغۇ گاز پونكىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن 3 مىليون سوم كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھېسابلىشىچە، ئۆزبېكىستاندىكى گاز تۈگىنىڭ باھاسى روسىيىنىڭكىدىن 2 - 2.5 ھەسسە ئەرزان ھەم يېقىلغۇ گازنىڭ باھاسى داۋاملىق ئۆرلەۋاتقان بېنزىن باھاسىدىن كۆپ ئەرزان. مۆلچەرلىنىشىچە بېنزىننى تېجەشتىن ئېرىشىلىدىغان كىرىم 73 مىليون 300 مىڭ سومغا يېتىدىكەن.

## ئۆزبېكىستان خۇسۇسىي كارخانىلارنى رىغبەتلەندۈرۈش قانۇنىنى ئوتتۇرىغا قويدى

«ئۆزبېكىستاننىڭ كىچىك كارخانىلار ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ راۋاجلاندۇرۇش قانۇنى» ئېلان قىلىندى ھەم يۈرگۈزۈلۈشكە باشلىدى. مەزكۇر قانۇندا، يېزىلاردا كۆچمەس مۈلۈك، يەر ۋە ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى سېتىۋېلىش شۇنداقلا ئېتىبار قەرزگە ئېرىشىش، كىچىك كارخانا ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار ئالدى ئېرىشىشكە تېگىشلىك ھوقۇق، دەپ بەلگىلەنگەن. يېڭى قانۇن بويىچە، دۆلەت ئورگانلىرى ۋە باشقا ئورگانلار شۇنداقلا بانكىلارنىڭ كىچىك كارخانىلار ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ھەرىكىتىگە ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ. دۆلەتنىڭ كىچىك كارخانىلار ئۈچۈن كادىرلارنى تەربىيىلەپ بېرىش، كارخانىنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى بەلگىلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى بار. مەخسۇس تۈردىكى فوندىدىن پۇل ئاجرىتىپ كىچىك كارخانىلار ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ راۋاجلىنىشىنى قوللاش كېرەك.

## روسىيە نېفىت، تەبىئىي گازدىن ئېكسپورت بېجى ئېلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلماقچى

روسىيە زۇڭلىسى چېرنومىركىن يېقىندا TACC ئاگېنتلىقىغا روسىيىنىڭ 1996 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئېكسپورت قىلىنىدىغان نېفىت، تەبىئىي گازلاردىن تاموژنا بېجى ئېلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

خەۋەرگە قارىغاندا، 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى روسىيە خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى (IMF) بىلەن روسىيىگە 10 مىليارد 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قەرز بېرىش كېلىشىمىنى ئىمزالىغان، روسىيىنىڭ ئېكسپورت قىلىنىدىغان نېفىت، تەبىئىي گازدىن تاموژنا بېجى ئېلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىشى مەزكۇر كېلىشىمنى ئىمزالاشقا ماسلىشىشتىن ئىبارەت. چۈنكى خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ روسىيىگە قەرز بېرىشتىكى شەرتى روسىيىنىڭ ئېكسپورت قىلىنىدىغان نېفىت، تەبىئىي گازنىڭ تاموژنا بېجىنى بىكار قىلىشتۇر، روسىيە ھۆكۈمىتى 1995 - يىلىلا ئېكسپورت قىلىنىدىغان نېفىت، تەبىئىي گازنىڭ تاموژنا بېجىنى بىكار قىلماقچى بولغان ئىدى، بىراق كېيىن كونكرېت يولغا قويۇلمىدى.

نۆۋەتتە، روسىيە ھۆكۈمىتى ئېكسپورت قىلىنىدىغان نېفىت تەبىئىي گازدىن تاموژنا بېجى ئېلىش تۈزۈمىنى باسقۇچلارغا بۆلۈپ بىكار قىلىشنى پىلانلىدى. ئۇنىڭ كونكرېت تەدبىرى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ مۇناسىۋەتلىك ئېكسپورت تاموژنا بېجى 10% كە چۈشۈرۈلىدۇ. 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ داۋاملىق تۆۋەنلەپ ئاخىرىدا پۈتۈنلەي بىكار قىلىنىدۇ.

# مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدە دۆلەتلەر ئارا مەبلەغ سېلىپ ھەمكارلىشىش باشلاندى

1995 - يىلى 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، ئاشخاباتتىكى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى باشلىقلىرى ئۇچرىشىشىدا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر ئارا مەبلەغ سېلىش ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاندى. كېلىشىم روسىيە تەرىپىدىن تەستىقلانمىغان بولسىمۇ بىراق ئىمزالانغان كۈندىن باشلاپ قوللىنىلىشقا باشلىدى.

كېلىشىم لايىھىسىنى روسىيە تەرەپ تەكلىپ بويىچە تەييارلىغان. ئورتاق مەبلەغ سېلىش سىياسىتىگە ماسلىشىش، كاپىتال ئەركىن ئوبوروت قىلىنىدىغان ياخشى مۇھىت بەرپا قىلىش، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ قانۇن پرىنسىپى، يەنى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى مەبلەغ سالغۇچىلار ئورنىنىڭ باراۋەر بولۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلغان ھالدا روسىيە ھەمكارلىق مىنىستىرلىكى، ئىقتىساد مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى، تاشقى ئىقتىسادىي ئالاقە مىنىستىرلىكى، مەركىزىي بانكا، ماسلاشتۇرۇش ئورنى ۋە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى بىلەن بىرلىكتە بۇ كېلىشىمنى لايىھىلىدى.

ھەمكارلاشقۇچى دۆلەتلەردىكى مەبلەغ سالغۇچىلارنى بىر تۇتاش بۆلۈش، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى مەبلەغ سالغۇچى شىركەتلەرنىڭ مەبلەغ سېلىش تۈرلىرى ۋە تەسىس قىلىش ئۇسۇلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش، مەبلەغ سېلىش سىياسىتىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش جەريانىدا كېلىشىم تۈزگۈچى دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى ۋە ئەۋزەللىكىنى قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇنداق بولغاندا، مەبلەغ سېلىش مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە بىرلىككە كەلگىلى بولىدۇ. مەزمۇنى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ شىركەتنىڭ قۇرۇلۇشى، ئۇنىڭ قانۇنىي مەبلىغىنىڭ شەكىللىنىشى، تاشقى پېرېۋوت ئارقىلىق پۇل تۆلەش ئىسپاتى، قىممەتكە ئىگە ئاكسىيە، مەبلەغ سالغۇچىلار ئالغان پايدىنى يۆتكەپ بېرىش، ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنى سېتىش شەرتى، مەھسۇلاتنىڭ باھاسى، باج تۆلىگۈچى خادىمنىڭ ئەمگەك ئىش ھەققى مۇناسىۋىتى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ۋە پېنسىيە كاپالىتىنى تەكشۈرۈش قاتارلىقلار.

مەبلەغ سېلىش پائالىيىتىنى كونسېرى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن كېلىشىمدە يەنە مۇنداق بەلگىلەندى: ئەگەر يېقىنقى بەش يىلدا بەزى دۆلەتلەرنىڭ قانۇنىدا ئۆزگىرىش بولسا ھەم ئۆز دۆلىتىدە شۇ بويىچە يۈرگۈزۈلسە شىركەتنىڭ كەسپىي پائالىيىتىدە شىركەت تىزىمغا ئالدۇرغان كۈندىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولغان ئۆلچەم قوللىنىلىدۇ.

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر ئارا مەبلەغ سالغۇچى شىركەتلەر تۆۋەندىكى ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ:

باشقا دۆلەتلەردىن كىرگۈزۈلگەن مۈلۈكلەر، مەبلەغ قوشقۇچىلارنىڭ بانكىغا قويغان ئامانىتى مەبلەغ قوشقان شىركەتنىڭ قانۇنىي مەبلىغى قىلىنىدىغان، شەخسلەر ئىشلىتىدىغان ماددىي ئەشيالاردىن ئىككى تەرەپ تاموژنا بېجى ئالمايدۇ. باشقا دۆلەت شىركەتلىرىدىن كىرگۈزگەن، شىركەتتىكى خىزمەتچى خادىملار كېرەكلىك بولغان مۈلۈكلەردىن ئۆز ئارا تاموژنا

بېجى ئېلىنمايدۇ .
كېلىشىم مۇددىتى بەش يىل بولۇپ ،
مۇددەت توشقاندىن كېيىن ھەر قايسى تەرەپنىڭ
پىكرى بويىچە يەنە بەش يىل ئۇزارتسا بولىدۇ .
ھەر قايسى تەرەپنىڭ مەنپەئەتىگە ماسـ
لىشىش ئۈچۈن ، ئۇكرائىنا بىلەن تۈزگەن كېـ
لىشىمدە ئالاھىدە ماددىلار قوشۇلدى ، مەسىلەن ،
كېلىشىمدىكى دۆلەتلەرنىڭ مەبلەغ سالغان
شىركەتلىرىدىن كىرگۈزگەن ، شىركەتنىكى
خىزمەتچى خادىملارغا كېرەكلىك بولغان مۈلۈكـ
لەردىن چوقۇم تاموژنا بېجى ئېلىنىدۇ .
مۇستەقىل دۆلەتلەر ئارا مەبلەغ سېلىش
تەجرىبىلىرىنىڭ توپلىنىشى ، مەبلەغ سېلىش
ساھەلىرىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ، ئورتاق
بولغان قانۇن ئۆلچىمىنى شەكىللەندۈرۈش كېـ
رەك .

## ئۆزبېكىستان چەت ئەللەرنىڭ مەبلەغ سېلىشىنى قانۇنىي جەھەتتىن قوغدايدۇ

نۆۋەتتە ، ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتى ياخشى
مەبلەغ قوشۇش شارائىتى يارىتىش ۋە مەبلەغ
قوشۇشنى ئۇنۇملۇك قوغداش سىياسەتلىرىنى
ئىزچىل ئىجرا قىلىۋاتىدۇ . يېقىندىن ئېچىلغان
ئىقتىساد ساھەسىدە ، سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن
مەخسۇس چەت ئەل مەبلىغى سېلىنغان تۈرلەرگە
ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىۋاتىدۇ . ئېلان قىلىنغان «
ئۆزبېكىستاننىڭ چەت ئەل مەبلىغى ۋە چەت ئەل
مەبلەغ سالغۇچىلىرىنى قوغداش قانۇنى » دا ۋە
ھۆكۈمەتنىڭ بىر يۈرۈش قانۇن - قائىدە ،
نىزاملىرىدا چەت ئەل مەبلىغىنى قوغداش توغرىـ
سىدىكى قانۇن - قائىدە پرىنسىپلىرى ئېنىق
بەلگىلەندى . 1994 - يىلى چەت ئەل مەبلەغ
قوشقان كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 1500 دىن
ئېشىپ كەتتى . ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك
كارخانىلارنىڭ سانى كۆرۈنەرلىك ھالدا ئاشتى .
مەسىلەن ، 1992 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش خاراكـ
تېرلىك مەبلەغ قوشقان كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات
قىممىتى 7 مىليون 700 مىڭ سوم بولۇپ ،
1994 - يىلىغا كەلگەندە 1 مىليارد 467 مىليون
500 مىڭ سومغا يەتكەن . ئاساسىي پۇختا بولـ
غاچقا 1995 - يىلى 1 مىليارد 500 مىڭ سومغا
يەتكەن . بەزى دۆلەتلەر مەسىلەن ، ئامېرىكا ،
فرانسىيە ، تۈركىيە ، چاۋشەن قاتارلىق دۆلەتلەر
ئۆزبېكىستان بىلەن ئۆز ئارا مەبلەغ قوشۇشنى
قوغداش كېلىشىمگە ئىمزا قويدى . دۆلەتنىڭ
سىرتقا قارىتا بازارلاردىكى ئاساسلىق پۇتۇن ھوـ
قۇقلۇق ۋەكىلى - دۆلەتلىك تاشقى ئىقتىسادىي
پائالىيەت بانكىسى ، دۇنيادىكى ھەر خىل دۆلەتـ
لەرنىڭ 160 چوڭ تىپلىق چەت ئەل بانكىلىرى
بىلەن ئالاقە ئورناتتى .

### تۈركمەنىستان يەرنى سىرتقا ئىجارىگە بېرىدۇ

تۈركمەنىستان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەرـ
لەرنى ئىجارىگە بېرىدۇ ھەم بۇ يەرلەردە ئىشلەشكە
يېتەرلىك ئادەم كۈچى ئاجرىتىپ بېرەلەيدۇ . ئىـ
جارە ھەققى ھەر پەسىلدە نىسبەت بويىچە مەركـ
ىزىي مالىيىگە تاپشۇرۇلىدۇ .
يېزا رايونلىرىدا ، ئىجارە ھەققى يىل ۋە

ھەر بىر گېكتار بويىچە ھېسابلىنىدۇ. كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈك تېرىلغان ۋە ئورمانلىقلار بولغان تېرىلغۇ يەر ۋە ئورۇنىنىڭ يىللىق ئىجارە ھەققى 955 ئامېرىكا دوللىرى؛ تېرىلغۇغا مۇۋاپىق كېلىدىغان يەرلەرنىڭ يىللىق ئىجارە ھەققى 172 ئامېرىكا دوللىرى بولىدۇ. شەھەر ئىچىدىكى يەرلەرنىڭ ئىجارە ھەققى شەھەر ۋە شۇ يەرنىڭ ئورۇنلاشقان جايىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ.

## جۇڭگونىڭ خىمىيۋى ئوغۇتى پاكىستانغا ئېكسپورت قىلىنماقتا

جۇڭگو ئەرەب خىمىيۋى ئوغۇت چەكلىك شىركىتى پاكىستانغا 50 مىڭ توننا بىرىكمە ئوغۇت ئېكسپورت قىلدى. بۇ دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن خىمىيۋى ئوغۇتنىڭ دۇنيادا خىمىيۋى ئوغۇتقا بولغان ئېھتىياج مىقدارى ئەڭ زور بولغان جەنۇبىي ئاسىيا رايونىغا تۇنجى قېتىم كىرىشى، پاكىستان دۇنيا بويىچە خىمىيۋى ئوغۇتنى كۆپ ئىمپورت قىلىدىغان دۆلەت، ئىلگىرى بۇ بازارنى ياۋروپالىق خىمىيۋى ئوغۇت سودىگەرلىرى ئىگىلەپ كەلگەنىدى.

## روسىيە بارلىق ئېكسپورت تاموژنا بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇردى

روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى داۋىدوۋ 1996 - يىلى 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، روسىيە ھۆكۈمىتى خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ روسىيىنىڭ تاشقى سودىنى تېخىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا ئېچىۋېتىشتا مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل تەلەپلىرىنى ئورۇنلىماقچى بولغانلىقىنى ئۇقتۇردى. 1996 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ روسىيە بارلىق ئېكسپورت بېجىنى، ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنىڭ مىقدارى، سۈپىتى ۋە باھاسىنى تەكشۈرۈشنى ۋە ئېكسپورت كېلىشىمىنى تىزىمغا ئالدۇرۇش رەسمىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. پەقەت تاشقى سودىدا پۇل يىغىۋېلىش جەھەتتە ئېكسپورتنى نازارەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلات باشقارمىسى 1996 - يىلى 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە، روسىيىنى 1996 - يىلىدىن 1998 - يىلىغىچە بولغان ۋاقىتتا 10 مىليارد 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قەرز پۇلى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى قارار قىلدى. بۇ قەرز پۇلدىكى 3 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن كۆپرەك پۇل روسىيىنىڭ 1996 - يىللىق خام چوتىغا كىرىپ كەتتى.

داۋىدوۋ يەنە روسىيىنىڭ ئىمپورت باج نىسبىتىنى داۋاملىق تەڭشەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەزى ئىمپورت تاۋارلىرىنىڭ تاموژنا بېجى چۈشسە، يەنە بەزى ئىمپورت تاۋارلىرىنىڭ تاموژنا بېجى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. لېكىن ئوتتۇرىچە باج نىسبىتى 13% ئەتراپىدا ساقلىنىدۇ.

## يېلتسىن كىچىك كارخانىلاردىن باج ئېلىشتا ئېتىبار قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى

روسىيىنىڭ زۇڭتۇڭى يېلتسىن، يېقىندا ئېچىلغان روسىيىدىكى كىچىك كارخانىلار ۋە-

كىللىرى يىغىنىدا سۆزلىگەندە كىچىك كارخانىلارغا نىسبەتەن باج ئېلىشتا ئېتىبار قىلىش سىياستىنى يولغا قويۇش زۆرۈر، دېدى. ئۇ يەنە تەكىتلەپ، كىچىك كارخانىلار ئىقتىسادىنىڭ تۈۋرۈكى، گىراژدانلارنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرى، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ گۈللىنىشىدىكى تۈۋرۈك دېدى.

يېلتسىن، ۋەكىللەر يىغىنىدا ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن زۇڭلىسى سوسكوۋسقا زۆرۈر بولغان چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كىچىك كارخانىلارنىڭ باج تاپشۇرۇشتا ۋە باشقا جەھەتلەردە ئېتىبار بېرىشقا ئېرىشىشكە كاپالەتلىك قىلىشنى تاپشۇردى. يېلتسىن يەنە يېكاتېرىنبۇرگتا شۇ يەرلىك كارخانىچىلارغا ئېچىلغان يىغىندا، كارخانىلارنىڭ باج تاپشۇرۇش سېلىقىنى يېنىكلەتمىسەك، دۆلىتىمىزدىكى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى قوللاشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، دېدى. ھازىر يېلتسىن كىچىك كارخانىلاردىن باج ئېلىشتا ئېتىبار قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى.

يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، روسىيەنىڭ ئىقتىسادى گەرچە نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن كىچىك كارخانىلار ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلماقتا، ھازىرغىچە تىزىمغا ئالدۇرغان كىچىك كارخانىلار 900 مىڭدىن ئاشتى، بۇ كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 14 مىليونغا يەتتى. ھازىر كىچىك كارخانىلارنىڭ پائالىيىتى ئاساسەن تاۋار سودىسى ۋە يېمەكلىك ساھەسىگە مەركەزلەشتى. 1995 - يىلى بۇ كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى روسىيىدىكى بارلىق سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يۈزدىن ئون پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، دۆلەتنىڭ باج يىغىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى.

## جۇڭگو قازاقىستاننىڭ ئاسىيا تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ئەڭ چوڭ سودا شېرىكى بولۇپ قالدى

ھازىر قازاقىستاندا جۇڭگونىڭ 200 نەچچە شىركىتى بار. بۇنىڭ كۆپ قىسمى شىنجاڭلىقلار قازاقىستاندا ئاچقان ۋەكالەتەن ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىدىن ئىبارەت. ھازىر قازاقىستان بىلەن جۇڭگو قازاقىستاندا شېرىكلىشىپ 350 كارخانا قۇردى. بۇ كارخانىلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلات ۋە تەمىنلىگەن ئەمگەك مۇلازىمىتىنىڭ قىممىتى 16 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ. بۇ قازاقىستان زۇڭتۇڭى يېقىندا بېيجىڭدا ئېلان قىلغان مەلۇمات. زۇڭتۇڭ يەنە، ھازىر جۇڭگو قازاقىستاننىڭ ئاسىيا تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ئەڭ چوڭ سودا شېرىكى بولۇپ قالدى، دېدى.

## ئۆزبېكىستاننىڭ مال باھاسى

ئۆتكەن يىلى كۈزدىن باشلاپ دوللار شىددەتلىك ئۆرلەپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆزبېكىستاننىڭ مال باھاسى قايتىدىن تۇراقلاشتى. ھازىر تاشكەنت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ بازارلىرىدىكى مال باھاسى: گۆشنىڭ بىر كىلوگرامى 30 - 45 سومغىچە، ياغيۇنىڭ 11 - 13 سومغىچە، پىيازنىڭ 2 - 4 سومغىچە، سەۋزىنىڭ 4 - 6 سومغىچە، بەسەينىڭ 3 - 5 سوم-

غىچە ، قىزىلچىننىڭ 4 سوم ، گۈرۈچنىڭ 25 ـ 32 سومغىچە ، كۆك پۇرچاق 15 ـ 20 سومغىچە ، ئالمىنىڭ 10 ـ 25 سومغىچە ، بانانىنىڭ 80 ـ 120 سومغىچە بولغان . 1 دوللارغا 49 ـ 50 سوم ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ .

ئىگىلەشلەرگە قارىغاندا قىش پەسلىدىمۇ مال باھاسى زور دەرىجىدە ئۆرلىگەن . مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش دەرىجىسى يۈزدە نەچچە پىرسەنت ئەتراپىدا بولغان . ياڭيۇ بىلەن پىياز باھاسىنىڭ ئۆرلەش دەرىجىسى 10% تىن ئېشىپ كەتكەن .

## ئۇكرائىنا تاماكا ، ھاراق توغرىسىدىكى ئېلانلارنى چەكلىدى

ئۇكرائىنا پارلامېنتى تاماكا ، ھاراق توغرىسىدىكى ئېلانلارنى چەكلەش تەكلىپىنى ماقۇللىدى .

يەن ـ تېخنىكا ئالىمى پارلامېنت ئەزاسى ۋلادىمىر . مارچىنكو مۇخبىرلارغا : « پارلامېنت ئاۋاز بېرىپ ئۇكرائىنادا ساغلام بىر مىللەتنىڭ بولۇشىنى قوللىدى . ھازىر ھاراق ، تاماكا ئۇكرائىناغا تەھدىد سالماقتا . ھاراق زاۋۇتى سانائەتتىكى بىردىن بىر ئارقىغا چېكىنمىگەن زاۋۇت بولۇپ قالدى . ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ بېسىمى ئاستىدا ، ئۇكرائىنالىقلار ئۆزىنى ھاراق بىلەن مەست قىلىپ يۈرمەكتە » دېدى .

تەكلىپ بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى بولغان ۋلادىمىر . ئالېكسېيېۋنىڭ ھېسابلاپ چىقىشىچە بىر يىلدا سەرپ قىلىنغان 900 مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق ئېلان خىراجىتىدە تاماكا ، ھاراق ئېلانلىرىغا سەرپ قىلىنغان خىراجەت تەخمىنەن 40% نى ئىگىلەيدىكەن .

ئۇكرائىنا بىلەن چېگرىلىنىدىغان روسىيە 1995 ـ يىلىدىن باشلاپ تېلېۋىزىيىدە تاماكا ئېلانىنى ئېلىپ بېرىشنى چەكلىگەن بولسىمۇ ، لېكىن بۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنلىغان قائىدىلەرگە رىئايە قىلىدىغان كىشى چىقمىدى .

### قازاقىستاننىڭ مەھسۇلاتلىرى كۆنسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ

قازاقىستان دۆلەتلىك ستاتىستىكا كومىتېتىنىڭ ئېلان قىلىشىچە ، 1995 ـ يىلى جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىش كۈچى كەسكىن تۆۋەنلەپ كېتىشكە يۈزلەنگەن . بۇنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشتىكى سەۋەبى بىر تەرەپتىن ئاساسىي مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلىگۈچىلەرنىڭ زاپاس مىقدارى ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ئورگانلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى تۆۋەنلەپ كېتىشتىن بولسا يەنە بىر تەرەپتىن مەھسۇلاتلارنى سېتىشنىڭ قايتا تەقسىم قىلىش يوللىرىدىن بولدى .

1995 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ باشلىرى ، ئوبلاستلىق مەمۇرىي كومىتېتىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە ، كارخانىلار دۆلەتنى تەمىنلەيدىغان ئاشلىق ۋەزىپىسىنىڭ 78% نى ئورۇندىغان . ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇندىغان دېھقانچىلىق كارخانىلىرى پەقەت كۆكچېتاۋ ۋە شىمالىي قازاقىستاندىن ئىبارەت ، تالدىقورغان ئوبلاستى 74% ، كۇستاناي ئوبلاستى 42% ، غەربىي قازاقىستان ئوبلاستى 50% ئورۇندىغان .

ياڭيۇ ۋە كۆكتاتلارنى سېتىۋېلىش

كۆچى ئىنتايىن ئېغىر هالدا تۆۋەنلەپ كەتكەن. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئومۇمىي سېتىلغان ياغيۇ 2200 تونىنا (1994 - يىل ئوخشاش مەزگىلىنىڭ 6% گە تەڭ)، كۆكتات 18 مىڭ 600 تونىنا (1994 - يىل ئوخشاش مەزگىلىنىڭ 33% گە تەڭ). 1995 - يىلىنىڭ باشلىرىنى 1994 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىگە سېلىشتۇرغاندا چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى مەسىلەن، چارۋا مال ۋە قۇش تۈرلىرىنى (تىرىك) سېتىۋېلىش مىقدارى 104 مىڭ 100 تونىنا بولۇپ، 1994 - يىلىنىڭ 28% گە تەڭ، تۇخۇم 352 مىڭ 400 دانە بولۇپ 28% گە، سۈت 594 مىڭ 600 تونىنا بولۇپ 1994 - يىلىنىڭ 45% گە تەڭ بولغان.

قىزىل ئوردا، سېمىپالاتىنسكى ۋە تالدىقورغان ئوبلاستلىرىدا چارۋا مال ۋە قۇش تۈرلىرىنىڭ سېتىلىشى كەسكىن تۆۋەنلەپ كەتكەن (1994 - يىلىنىڭ 12% - 14% گە تەڭ). جېزقازغان ۋە تالدىقورغان ئوبلاستلىرىدا سۈتنىڭ سېتىلىش مىقدارى 1994 - يىلىنىڭ 13% گە، قاراغاندا ۋە كۆكچېتاۋ ئوبلاستلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ تۇخۇم سېتىۋېلىشى توختاپ قالغان هالەتتە تۇرماقتا.

# تاشكەنت مىنسكىدىن تراكتور ئىمپورت قىلدى

تاشكەنت تراكتور زاۋۇتى مىنسكى تراكتور زاۋۇتىنىڭ MT3-80 تىپلىق تراكتورىنى ئىمپورت قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇ يېرىم تەييار مەھسۇلات شەكلىدە ئىمپورت قىلىنىدۇ. قىسقا غوللۇق زىرائەتلەرنى تېرىشقا ئىشلىتىلىدىغان (كۆكتات، ياغيۇ) ماشىنىلار تاشكەنت تراكتور زاۋۇتىدا كېيىمز قاتارلىق ئۇزۇن غوللۇق زىرائەتلەرنى تېرىيدىغان ماشىنىغا ئۆزگەرتىلىدۇ. ئۆزبېكىستان بىلەن بېلورۇسىيە ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان كېلىشىمدە، 1995 - يىلى تاشكەنت مىنسكىدىن 1000 دانە تراكتور ئىمپورت قىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

# يېڭى تېپتىكى بىزەش ئەينەكنىڭ بازىرى ياخشى

دۆلىتىمىزدە بازىرى ئەڭ ئىتتىك بىزەش ئەينەكلىرى بەش خىل بولۇپ، ئۇلار: 1) پەردىلەنگەن ئەينەك. بۇ خىل ئەينەك ئىنفىرا قىزىل نۇرنى قايتۇرىدۇ، ئۇلترا بىنەپشە نۇرنى كېسىپ ئۆيدىكى بۇيۇملارنىڭ سىرتقى يۈزىدى كونىراتمايدۇ؛ 2) قاپارتما نەقىشلەنگەن ئەينەك. سېترېئولۇق ئويمىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا رەڭدار نەقىش بىلەن ئادەم، تاغ - دەريا، گۈل - قۇشلار قاتارلىق نەقىشلەرنى ئويۇپ چىققان. ئۇنىڭدا سېترېئولۇق تۇيغۇ كۈچلۈك، ئوبرازلار ئېنىق بولۇپ، ئادەمگە تەبىئىي مەنزىرە كۆرۈنۈشىنى هېس قىلدۇرىدۇ؛ 3) پۈتۈن ھەسەن - ھۈسەن كۆرۈنۈشى بار ئەينەك. ئورگانىك ئەينەك، سۇلياۋ، دىلون، يۇقىرى مولېكۇلىلىق ماتېرىياللار قاتارلىق ماتېرىياللارنى لازېر نۇرى ئارقىلىق قېلىپقا بېسىش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ ئۈچ كوردىناتلىق پۈتۈن پىلىونكىنى ئەينەككە چاپلايدۇ. ئېلېكتر نۇرى بىلەن يورۇتقاندا ئەينەك يۈزىدە ھەسەن - ھۈسەندەك رەڭلەر پاقىرايدۇ - دە، كۆزگە ئىنتايىن چىرايلىق كۆرۈنىدۇ؛ 4) خىيالىي

سەنئەت كۆرۈنۈشلۈك ئەينەك . كۈن نۇرى لامپىسىنى نۇر مەنبەسى قىلىپ ، ئەينەكنىڭ ئارقىسىغا سىزىقلىق نۇرنى تەكشى قىلىپ چۈشۈرسە ، رەڭ ئۆزگىرىشى جانلىق بولۇپ ئادەمگە بەدىئىي سەنئەت سېزىمىنى بېغىشلايدۇ .

# ئۇكرائىنا ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش سانائىتىنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسى

1995 - يىلىغا كەلگىچە ئۇكرائىنا جەمئىي 4 مىليون 700 مىڭ دانە ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقاردى . بۇنىڭ ئىچىدە يۈك ئاپتوموبىلىدىن 919 مىڭ دانە، يېنىك تىپتىكى ئاپتوموبىلدىن 3 مىليون 400 مىڭ دانە ، ئاپتوبۇستىن 133 مىڭ دانە بار .

ئۇكرائىنادا ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان زاۋۇتتىن 36 سى بار . بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىق رول ئوينايدىغانلىرى : « كراس » ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى ، « زاس » ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى ۋە « لۇۋۋ » ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى قاتارلىقلار بار .

ئۇكرائىنادا 150 دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمە شىركەتلىرى ئاپتوموبىللارنىڭ يۈرۈشلەشكەن ئۈسكۈنىلىرى ۋە دېتاللىرىنى ئىشلەپچىقىرىدۇ .

ئۇكرائىنا ھۆكۈمىتى ئۇكرائىنانىڭ ئاپتوموبىل ۋە ھەممىگە باپ ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش كەسپىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن 40 پايىنى تىزگىنلەش شىركىتى ۋە پۇل مۇئامىلە سانائەت گۇرۇھى تەشكىللەشنى بېكىتتى .

ئېغىر تىپتىكى ئاپتوموبىللارنى ئىشلەپچىقىرىش ئاساسەن « كراس » ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىغا مەركەزلەشكەن (بۇ زاۋۇتنىڭ 11 تارماق زاۋۇتى بار ) ؛ يېنىك تىپتىكى ئاپتوموبىللارنى ئىشلەپچىقىرىش ئاساسەن « زاس » ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىغا مەركەزلەشكەن (بۇ زاۋۇتنىڭ 13 تارماق زاۋۇتى بار ) ؛ كوچا ئاپتوموبىلى ئىشلەپچىقىرىش ئاساسەن « لۇۋۋ » ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىغا مەركەزلەشكەن (بۇ زاۋۇتنىڭ 10 تارماق زاۋۇتى بار ) .

1994 - يىلى « كراس » ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان 11 مىڭ 500 دانە يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش تەننەرخى 30 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولغان .

« زاس » ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى 1994 - يىلى 100 مىڭ دانە ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقاردى . 1995 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە سېتىلىپ بولمىغان كىچىك تىپتىكى ئاپتوموبىلدىن يەنە 1166 دانىسى بار .

ئۇكرائىنادا شەخسلەر ئۆز ئالدىغا ئىشلىتىدىغان كىچىك تىپتىكى ئاپتوموبىلدىن جەمئىي 3 مىليون 300 مىڭ دانىسى بار .

ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا ، 1994 - يىلى ئۇكرائىنا 79 مىڭ دانىگە يېقىن كىچىك تىپتىكى ئاپتوموبىلنى ئىمپورت قىلغان . بۇنىڭ قىممىتى 88 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ .

ئۇكرائىنادا ھەر بىر مىڭ ئاھالىنىڭ يېنىك تىپتىكى ئاپتوموبىلنى ئىگىلەش مىقدارى 58 دانىگە يېتىدۇ (ئامېرىكىدا 560 دانە ، فرانسىيىدە 450دانە ) .

ترانسپورت مىنىستىرلىكىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە 2000 - يىلىغا

بارغاندا ، ئۇكرائىنادا ھەر يىللىق ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 200 مىڭ دانىگە ، 2010 ـ يىلىغا بارغاندا 350 مىڭ دانىگە يېتىدىكەن .

## ئۆزبېكىستاننىڭ ئىجارىگە بېرىش قانۇنى چەت ئەل شىركەتلىرىگە چوڭ ئىشىك ئېچىپ بەردى

ئۆزبېكىستاننىڭ يەرنى ئىجارىگە بېرىش قانۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشقا باشلىدى . مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە ، بۇ قانۇن چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ ئۆزبېكىستانغا كىرىشىدە ئىنتايىن زور جەلىپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىكەن . ئىجارىگە بېرىش قانۇنىدا ، رىقابەتلىشىش ئاساسىدا چەت ئەل شىركەتلىرى ئۆزبېكىستاننىڭ يېرىنى 15 ـ 40 يىلغىچە ئىجارىگە ئالسا بولىدۇ ، دەپ بەلگىلەنگەن . ھەممە باشقۇرۇش ئەھۋالىغا قاراپ ، ھۆكۈمەت 40 يىللىق ئىجارە مۇددىتىنى ئۇزارتىشقا بولىدۇ .

يېڭى قانۇن ماددىلىرىدا بەلگىلەنگەن بويىچە ، ئىجارىگە ئالغۇچىلار تاپقان پايدىدىن ئەمگەكچىلەرنىڭ مائاشىنى ۋە باشقا زۆرۈر بولغان چىقىملارنى چىقىرىۋېتىپ قالغان قىسمىنىڭ ھەممىسىگە ئۆزى ئىگە بولىدۇ . ھەممە ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە ئىختىيارى تەقسىم قىلىدۇ . قانۇن ھەتتا يازما شەكىلدە ئىجارىگە ئالغان چەت ئەل شىركەتلىرىگە ، ئۆزبېكىستان قانۇنىغا زىيان يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا ، ئۆزبېكىستاندىن ئىجارىگە ئالغان يەردىكى مال ـ مۈلۈك ۋە يەر ئاستى بايلىقىدىن پايدىلىنىش ياكى باشقا تۈرلەرنىڭ تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ھۆكۈمەت ئارىلاشماسلىققا كاپالەتلىك قىلىدۇ .

ئەگەر بۇندىن بۇرۇنقى بەزى بەلگىلىمىلەردىكى ھەرىكەت دائىرىسى يېڭىدىن ئېلان قىلىنغان ئىجارىگە بېرىش قانۇنى بىلەن زىت كېلىپ قالسا ئۇنى باشقىدىن تەھلىل قىلىپ ئۆزگەرتىپ بېكىتىدۇ .

## روسىيە بېجى كەچۈرۈم قىلىنغان تاۋارلارنىڭ ئىمپورت مىقدارىنى تۆۋەنلەتتى

روسىيە ھۆكۈمىتى يېقىندا شەخسلەر روسىيە تاموژنىسىغا ئېلىپ كىرىدىغان بېجى كەچۈرۈم قىلىنغان تاۋارلارنىڭ ئۆلچىمىنى ئەسلىدىكى 2000 ئامېرىكا دوللىرىدىن 1000 ئامېرىكا دوللىرىغا تۆۋەنلىتىشنى قارار قىلدى. ھازىر روسىيە تاموژنىسى چېگرىدىن كىرىدىغان، قىممىتى يۇقىرىدىكى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن تاۋارلاردىن باج ئالىدۇ، باج ئېلىش ئۆلچىمى دەسلەپكى قەدەمدە 1000 ئامېرىكا دوللىرىدىن 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تاۋارلاردىن ئېلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن بولۇپ ، ئۆلچەمدىن

ئېشىپ كەتكەن ھەر بىر كىلوگرام تاۋار ئۈچۈن ئېلىنىدىغان باج بەش ياۋروپا پۇل بىرلىكى بولىدۇ؛ قىممىتى 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتكەن ھەر بىر كىلوگرام تاۋاردىن ئېلىنىدىغان باج 10 ياۋروپا پۇل بىرلىكى بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئاساسەن خەلقئارادىكى «ھايانكەش» لەرنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەش ئۈچۈن قوللىنىلغان.

## روسىيە ھۆكۈمىتى چېگرا شەھەرلىرىدە ئېتىبار قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويدى

يېقىندا، روسىيە ھۆكۈمىتى چېگرا ئېغىزى شەھەرلىرىدە ئېتىبار قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا بۇيرۇق ئېلان قىلدى ھەم خۇسۇسىيلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىشكە چاقىردى، بىر قىسىم تاموژنا بېجىنى تەڭشىدى. بۇ بۇيرۇقتا تۆۋەندىكىلەر بېكىتىلدى:

1. روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ چېگرا شەھەرلىرىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا تىپلىق كارخانىلار، 30% لىك خام ئەشيا ئېكسپورت قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدى.

2. ئۆتكەن يىلىنىڭ 15-ئۆكتەبىردىن باشلاپ، مېتال بۇيۇملاردىن ئېلىنىدىغان تاموژنا بېجى ئۆستۈرۈلىدۇ. مەسىلەن، كېرەكسىز پولات، رېلىس قاتارلىق مېتال بۇيۇملارنىڭ تاموژنا بېجى ئەسلىدىكى 15% تىن 30% كە تەڭشىلىدۇ.

3. روسىيە ھۆكۈمىتى، ھەر قايسى چېگرا ئېغىزىدىكى شەھەرلەرنىڭ، ھەر خىل تۈردىكى تاۋارلارنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈش بېجىنى ئاشۇرۇپ ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

4. روسىيە ھۆكۈمىتى، كارخانىلاردىكى خىزمەت قىلىۋاتقان خادىملارنى، ئىككىنچى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، بازارلارنى گۈللەندۈرۈشكە چاقىرىدۇ.

5. روسىيە ھۆكۈمىتى، چېگرىدىكى ھەر قايسى چوڭ ۋە ئوتتۇرا شەھەرلەرنى، خۇسۇسىيلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، چېگرىداش دۆلەتلەر بىلەن ئىقتىساد سودا پائالىيەتلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇشقا، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىسلاھات تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە چاقىرىق قىلىدۇ.

## روسىيە ئېكسپورت تاموژنا باج نىسبىتىنى تۆۋەنلەتتى

يېقىندىن بۇيانقى ئەھۋاللار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، روسىيە فېدېراتسىيىسى تاشقى ئىقتىساد پائالىيىتىنى تەڭشەش جەريانىدا دۆلەت سىياسىتى تېخىمۇ روشەن ھالدا ئېكسپورتنى چەكلەشنى كەڭ قويۇۋېتىشقا يۈزلەندى. ئېكسپورت تاموژنا باج نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش توغرىسىدىكى مۇزاكىرە داۋاملاشقىلى خېلى بولدى. بۇ تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار روسىيىنى كرېدىت بىلەن تەمىنلەيدىغان خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن پۇل ئالماشتۇرۇش جاپاسىنى تويغىچە تارتقان روسىيىلىك ئېكسپورت سودىگەرلىرىدىن ئىبارەت. باھار كىرگەندىن بۇيان تاشقى سودا باج نىسبىتى ئېتىبار سىياسىتىنىڭ بىكار قىلىنىشىغا ئەگىشىپ روسىيىنىڭ خام چوتى كۆندىن - كۈنگە جىددىيلەشتى، ئۇنىڭ نەتىجىسى مۇقەررەر ھالدا روسىيىنىڭ سودا ئېكسپورتىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇ خىل مۇرەككەپ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن روسىيە زۇڭتۇڭى تۇنجى قەدەمنى باستى. 1995 - يىلى 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى زۇڭتۇڭ «ئېكسپورتنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا» بۇيرۇقنى ئېلان قىلدى. زۇڭتۇڭ بۇيرۇقنىڭ ئۆزى ئېكسپورت باج نىسبىتىنى ئۆزگەرتەلمىدى، بىراق زۇڭتۇڭ روسىيە فېدېراتسىيىسى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا قويغان بىر

قاتار ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ تاموژنا باج نىسبىتىنى 30% تۆۋەنلىتىش توغرىسىدىكى مۇۋاپىق تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، قارا مېتال تىزىملىكىدىكى تاۋارلارنىڭ تاموژنا باج نىسبىتىنى 50% تۆۋەنلەتتى. زۇڭتۇڭ بۇيرۇقىدا يەنە 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ تۈرى كۆپەيتىلىدۇ. بۇ تاۋارلارنىڭ ئېكسپورت باج نىسبىتى مەلۇم دەرىجىدە تۆۋەنلىتىلىدۇ ياكى تەڭشىلىدۇ، دەپ كۆرسىتىلدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىپ سىياسىتى ئوتتۇرىغا چىقتى. زۇڭتۇڭ بۇيرۇقى ئېلان قىلىنىش بىلەن تەڭ ھۆكۈمەت روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ 858 - نومۇرلۇق قارارىنى ئېلان قىلىپ تاشقى ئىقتىساد پائالىيىتى تىزىملىكىدىكى 22 خىل تاۋارنىڭ ئېكسپورت تاموژنا باج نىسبىتىنى تەڭشىدى. ئەمەلىيەتتە قارار بارلىق ئېكسپورت ماگزىنلىرىدىكى ئۈچتىن ئىككى قىسىم تاۋارنىڭ ئېكسپورت باج نىسبىتىگە چېتىلىدۇ. پايدا ئەڭ كۆپ بولغىنى ھەربىي ئوق - دورا ۋە ھەربىي ئىشلار تېخنىكىسىنىڭ ئېكسپورتىغا يەتمەيدۇ (تىك ئۇچار ئايروپىلان، ئايروپىلان، ھەربىي پاراخود)، 1995 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، ئۇلار ئۆز تاۋارلىرىنى باجسىز ئېكسپورت قىلدى. روسىيە تاموژنا كومىتېتى 1995 - يىلى 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن باشلاپ قانۇن شەكلىدە يۇقىرىقى تەڭشەش شەكلىگە نىسبەتەن رەسمىي ھۆججەت چۈشۈردى.

1995 - يىلى 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىكى 890 - نومۇرلۇق زۇڭتۇڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ئىمپورتنى رىغبەتلەندۈرىدىغان تەدبىرلەر بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. روسىيە فېدېراتسىيىسى ھۆكۈمىتى 1995 - يىلى 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى 1064 - نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللاپ تاموژنا ئېكسپورت بېجىنى مۇۋاپىق ئۆلچەمگە تەڭشىدى. 1995 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ پەسىل خاراكتېرلىك دېزېل مېيى يېقىلغۇسىنىڭ ئېكسپورت باج نىسبىتى تۆۋەنلىدى (تۆت ياۋروپا پۇل بىرلىكىدىن ئۈچ ياۋروپا پۇل بىرلىكىگە تۆۋەنلىدى)، ياغاچ ماتېرىياللىرى، قەغەز بوتقىسىنىڭ ئېكسپورتىمۇ ئۈچ ھەسسە تۆۋەنلىدى. 1995 - يىلى 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن باشلاپ ياغاچ ماتېرىياللىرى ۋە قەغەز بوتقىسى پىششىقلاپ ئىشلەشتە كېرەك بولىدىغان يېنىك دىستىللەنگەن ماددا، سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى، ئاممىياك، ئازوت، فوسفور، كالىي ۋە باشقا ئوغۇت، قارا مېتال ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن ماددىلارنىڭ ئېكسپورت بېجىمۇ تەڭشەلدى. بىردىنبىر ئۇنىڭ سىرتىدا تۇرىدىغىنى قارا مېتال كېرەكسىز ماددىلىرى بولۇپ 1995 - يىلى 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن باشلاپ ئېكسپورت باج نىسبىتى ھەر توننىسىنىڭ 70 ياۋروپا پۇل بىرلىكىگە ئۆرلىدى.

چوڭ كۆلەملىك ئېكسپورت باج نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ نېفىت ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باج نىسبىتىنى تەڭشەش مەسىلىسىگە ئائىت مۇنازىرە گېزىت - ژۇرناللاردا كۈندىن - كۈنگە كەسكىن بولدى. 1995 - يىلى 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى زۇڭتۇڭ «ئېكسپورت سودىگەرلىرىنى قوللاش توغرىسىدا دەسلەپكى تەدبىر» نىڭ 1204 - نومۇرلۇق بۇيرۇقىنى ماقۇللىدى، روسىيە ھۆكۈمىتى بۇ بۇيرۇققا ئاساسەن 1995 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ كۆپ قىسىم پىششىقلاپ ئىشلەنگەن نېفىت مەھسۇلاتلىرى ۋە بىر قىسىم ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ تاموژنا ئېكسپورت بېجىنى تەڭشىدى. 1996 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ نېفىت، تەبىئىي گاز ۋە بىر قىسىم خام ئەشيالاردىن باشقا بارلىق تاۋارلارنىڭ ئېكسپورت تاموژنا بېجى تۆۋەنلىدى.

# تەھرىر ھەيئىتى


باش تەھرىر : جاڭ يۆجژ ، نەجمىددىن نىزامىددىن

مەسئۇل مۇھەررىر : گۇلسۇم ئابدۇۋايىت

مەخسۇس مۇئاۋىن مەسئۇل مۇھەررىر : شەرىفە ئىسھاقوۋا

تەھرىر ۋە تەرجىمانلار : مۇنەۋۋەر قادىر ، يارمۇھەممەت ئىبراھىم

تەھرىر ھەيئىتى ئەزالىرى : ئابابەكرى ساۋۇت ، ئابلىكىم ئوسمان ، جاپپار مەخپىر
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە) خەمىد خەكىموۋ ، مۆمىن ھەبىبۇللا، نۇرنىسا قاسىم
ھېسامىددىن ئابدۇللا ، ئوسمانجان تۇردى ، ئېلى مەمەت
ئىلچى سايرانى ، ئىلدان ئىسھاقوۋ

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : يېڭ جىڭخۇەن


---


باشقۇرغۇچى : ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى

نەشر قىلغۇچى : ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى

تەھرىرلىگۈچى : « ئوتتۇرا ئاسىيائۇچۇرلىرى »ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

باسقۇچى : شىنجاڭ پەن - تېخنىكا گېزىتى باسما زاۋۇتى

ئادرېسى : ئۈرۈمچى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى40 - نومۇرلۇق قورو

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65-1133/N

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى : 132 _ 58

پوچتا نومۇرى : 830011 تېلېفون نومۇرى : 3837994 .